



دۇنياۋى مەشھۇر چۆچەكلەر خەزىنىسى

# كەمپۈت ئۆيى







مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

www.uyghurkitap.com



ISBN 7-105-06940-6

9 787105 069408 >

ISBN 7-105-06940-6/I·1518
民(维 220)　定价：12.00 元

تەرجىمە قىلغۇچى : قادىر ئارسلان

# كەمپۇت لۈي

دوستۇم گە:

بىز ئىككىمىز چىمەن دوست،
سەن ئالتۇن، مەن كۈمۈش.
دوستلۇق ـ بەخت دەرىخى،
سەن يوپۇرماق، مەن بىر قۇش.

كىتاب كۆڭۈل خۇشلۇقى،
كىتاب ئەقىل بۇلىقى.
بۇ كىتابنى ساقلانسۇن،
ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقى.

يىل ئاينىڭ كۈنى.

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

糖果屋/(丹)安徒生(Andersen,H.C.)等著；苏真等译；卡德尔·阿尔斯郎译.—北京：民族出版社，2005.5
ISBN 7-105-06940-6

Ⅰ.糖… Ⅱ.①安…②苏…③卡… Ⅲ.童话—作品集—世界—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I18

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 031851 号

**糖果屋**

---

责任编辑：艾合买提江
责任校对：胡达拜地
制　　版：海龙视觉
出版发行：民族出版社　　http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862(维文室)
印　　刷：宏凯彩印包装有限责任公司
经　　销：各地新华书店
版　　次：2005 年 5 月第 1 版　　2005 年 5 月北京第 1 次印刷
开　　本：787 毫米×1092 毫米　　1/16
印　　张：7.125
印　　数：0001-2000 册
定　　价：12.00 元



# مۇندەرىجە



كەمپۈت ئۆي ........................................ 1


شاھزادە بىلەن مەلىكە ........................................ 11


ئۇچار ساندۇق ........................................ 24


سىندبادنىڭ دېڭىز سەپىرى ........................................ 26


قىزىل پوسما ........................................ 55


چاقماق قۇتىسى ........................................ 64


سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق ........................................ 72


خاسىيەتلىك نەي ........................................ 77


تېرەك بىلەن ئېرىق ........................................ 84


ئاچ كۆز پادىشاھ ........................................ 88


نەركەس گۈل ........................................ 90


ياقۇت شاھزادە ........................................ 92


قار خانىش ........................................ 102


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كەمپۈت ئۆي

گېرمانىيە چۆچىكى (ئەسلى ئەسەر: گىرىمنىڭ)

بۇرۇنسىدا، كۆك نامرات بىر ئوتۇنچى ئايالى ۋە ئىككى بالىسى بىلەن ئورمانلىقنىڭ يېنىدىكى بىر ئۆيدە ياشايدىكەن. ئوغلىنىڭ ئىسمى خېنـ- شېل، قىزىنىڭ ئىسمى گرېتېل ئىكەن. بىر كۈنلەردە ئايالى ئۆلۈپ كېـ- تىپ، ئوتۇنچى ئىككى بالىسى بىلەن قاپتۇ. كېيىن، ئۇ قايتا ئۆيلىنىپتۇ. بۇ ئايال بەكلا ھازازۇل ئىكەن، ھەممىشە ئۆگەي بالىلىرىنى تىللايدىكەن، ئۇرىدىكەن، يەنە تېخى ئېرىنى بالىلارنى تاشلىۋېتىشكە زورلايدىكەن.

ئوتۇنچى بالىلىرىغا ھەرقانچە كۆيسىمۇ، بىشەم ئايالىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش كۆرۈشكە مەجبۇر ئىكەن. بىر كۈنى، ئۇ تىرىكچىلىك غېمى بىلەن ئوچاق ئالدىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسا، ئايالى:

— شۇمۇ ئۆي بولدىمۇ؟ ئادەمنىڭ جىقلىقىدا يا تويغۇدەك تاماق يېگىلى بولمىغان، يا ئايدا - يىلدا بىرەر قېتىم ئۇچىسىغا يېڭىراق كىيىم كىيەلمىگەن! — دەپ جاۋۇلداپتۇ، — ئەجەبمۇ تويدۇم! يا ماڭا تۇر، يا بالىلىرىڭغا! مەن كېرەك بولسام، بۇ شۇمتەكلەرنى ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە ئاپىرىپ تاشلىۋەت، ئۆيگە قايتىپ كېلىش يولىنى تاپالماي قالسۇن!

ئوتۇنچى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ.




ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئايالى ئوتۇنچىنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەپ زادىلا ئارام بەرمەپتۇ. ئاخىر ئوتۇنچى ئايالىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىشقا ماقۇل بوپتۇ.

ياندىكى ئۆيدە تۇرۇپ ئاتا - ئانىسىنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ قالغان گرېتېل قايغۇرۇپ يىغلىۋېتىپتۇ.

— قورقما، ئوبدان سىڭلىم! — دەپ تەسەللى بېرىپتۇ خېنشېل، — ئەگەر ئۇلار راستىنلا بىزنى ئورمانلىقتا تاشلىۋېتىدىغان بولسا، بىز يەنە يولنى تېپىپ ئۆيگە قايتىپ كېلەلەيمىز.

ئاتا - ئانىسى ئۇخلاپ قالغاندا، خېنشېل غىپپىدە تالاغا چىقىپ بىر يانچۇق ئاق تاش تېرىپ كىرىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆگەي ئانا ئىككىيلەننى تۇرتۇپ ئويغىتىپ:

— تۇرۇڭلار، تۇرۇڭلار، كۈن چۈش بولغۇچە سوزۇلۇپ ياتماي! بېرىڭلار، ئورمانلىققا بېرىپ داداڭلارغا قارىشىڭلار! — دەپتۇ.

ئوتۇنچى بالىلىرىنىڭ چىرايىغىمۇ قارالماي، ئۇندىمەي ئالدىدا مېڭىپتۇ، بالىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپتۇ. ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرگەندە، خېنشېل يانچۇقىدىكى ئاق تاشلارنى يول بويى بىر تالدىن تاشلاپ بەلگە قىلىپ مېڭىپتۇ.



ئاتا ـ بالا ئۈچەيلەن ماڭا ـ ماڭا ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ، بىر يەرگە بارغاندا توختاپتۇ.

ئوتۇنچى بالىلىرىغا ھەسرەت بىلەن قاراپ قويۇپ:

— ئاۋۋال مەن دەرەخ كېسەي، ئاڭغىچە سىلەر ئويناپ تۇرۇڭلار، — دەپتۇ، ئاندىن ئورمانلىققا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىپتۇ.

بالىلار ئويناپ ھېرىپتۇ، قورساقلىرى ئېچىپتۇ، «دادا!» دەپ توۋلاپتۇ، ئەمما ئوتۇنچى قايتىپ كەلمەپتۇ. ئۇلار دادىسىنىڭ ئۆزلىرىنى راستىنلا تاشلاپ كەتكىنىگە ئىشىنىپتۇ. گرېتېل يىغلاشقا باشلاپتۇ.

— يىغلىما، سىڭلىم، بولدى، يىغلىمىغىنا! — دەپتۇ خېنشېل سىڭلىسىنىڭ يېشىنى سۈرتۈپ، — ماڭا ئىشەن، دادام بىزنى ئالغىلى كەلمىسە كەلمەۋەرسۇن، مەن سېنى ئۆيگە باشلاپ بارالايمەن!

بالىلارنىڭ تەلىيىگە، بۇ كېچە ئاي تولغان كېچە ئىكەن. خېنشېل سىڭلىسىنى يېتىلەپ، ئاي يورۇقىدا ئاق تاشلارنى بويلاپ مېڭىپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاخىرى ئۆيىگە كېلىۋاپتۇ.

ئۇلار قاتتىق ھېرىپ كېتىپتۇ، ئاچلىقتىن قورساقلىرى تارتىشىپ كېتىپتۇ.

— قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى! — دەپتۇ گرېتېل يىغلامسىراپ.

— چىدا، سىڭلىم، مۇشۇ تاپتا ئۆيدىكىلەرنى ئويغاتساق بولمايدۇ، تاڭ ئاتقاندا بىر گەپ بولسۇن، — دەپ پىچىرلاپتۇ خېنشېل.

ئۇلار ياتاق ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن شەپە چىقارماي كىرىۋاپتۇ. ھارغىنلىق ئاچلىقنى يېڭىپتۇ، ئىككىسى ناھايىتى تېزلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە ئۆگەي ئانا ئىككى بالىنىڭ ئورمانلىقتىن قايتىپ كەل-گەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە قاتتىق غەزەپكە كەپتۇ. ئاچچىقىدا ئۇلارنى دۈشكەللەپ ئويغىتىپتۇ:

— تۇرۇڭلار، تۇرۇڭلار! كۈن چىققىلى ئۇزاق، ئىشقە كېتەك ئىغىناپ يېتىۋېرەمسىلەر! بېرىڭلار، داداڭلارنىڭ ئىشىغا قارىشىڭلار!

ئۆگەي ئانا بالىلارغا بىر توغرام بولكا ۋە بىر قاچا سۇ بېرىپتۇ، ئاددىسى بىلەن بىللە ئورمانلىققا يولغا سېپتۇ.

ئوتۇنچى بالىلىرىنىڭ چىرايىغا قارىيالماپتۇ، تۈنۈگۈن ئۇلارنى ئىزدەپ تاپالمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزىنى ئاقلاپتۇ. بالىلارمۇ چاندۇرماپتۇ.

خېنشېل بولكىنى ئۇۋۇتىپ، يول بويى ئۇۋاقلىرىنى يولغا تاشلاپ بەلگە قىلىپ مېڭىپتۇ. لېكىن، بىر ئىش چاتاق بوپتۇ: ئورمانلىقتىكى قۇشلار بولكا ئۇۋاقلىرىنى بىرىنىمۇ قالدۇرماي پاكىز يەۋېتىپتۇ.





www.uyghurkitap.com



ئوتۇنچى بۇ قېتىم باللىرىنى ئورمانلىقنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىسىگە باشلاپ كىرىپتۇ ۋە يەنە يالغان ئېيتىپ، ئۆزى يالغۇز كېتىپ قاپتۇ.

كەچ كىرىپتۇ، ئوتۇنچى باللىرىنى ئالغىلى كەلمەپتۇ. گرېتېل يەنە يىغلاشقا باشلاپتۇ.

— نېمىگە يىغلايسەن، سىڭلىم؟ — دەپتۇ خېنشېل، — مانا مەن تۇرۇپتىمەنغۇ، قورقما، يولغا بەلگە سېلىپ قويدۇم، بىز يەنە تونۇگۈن كېچىدىكىدەك مېڭىپ ئۆيگە بېرىۋالالايمىز.

لېكىن، خېنشېل ھەرقانچە ئىزدەپمۇ بولكا ئۇۋاقلىرىنى تاپالماپتۇ. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

— مەن قورقۇۋاتىمەن، ئاكا، — دەپتۇ گرېتېل يىغلامسىراپ، — قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، توڭلىدىم، مېنى ئۆيگە باشلاپ بار.

خېنشېل سىڭلىسىنى بەزلەپتۇ، ئەمما قاپقاراڭغۇ ئورمانلىق، ئاللىقانداق قورقۇنچلۇق كۆلەڭگىلەرگە قارىغىنىدا، پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ تىترەك ئولىشىپ كېتىپتۇ. يەنە كېلىپ، ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ ھۇۋلاشلىرى، مۇشۇكياپىلاقنىڭ قورقۇنچلۇق سايراشلىرى ئۇنى تېخىمۇ ۋەھىمىگە سالغانلىقتىن، چىشلىرى كىرىشىپ كېتىپتۇ، شۇنداقتىمۇ خېنشېل ئۆزىنىڭمۇ قورقۇنچ ئىچىدە قالغانلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، سىڭلىسىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان گەپلەرنى قىپتۇ.

يېرىم كېچە بولغاندا، ئورمانلىقنىڭ ھاۋاسى قاتتىق سوۋۇپ كېتىپتۇ. توڭلاپ كەتكەن ئىككى بالا ئىسسىنىش ئۈچۈن چىڭ قۇچاقلىشىپتۇ.

قۇياش ئورمانلىقنى يورۇتقان چاغدا، ئۇلار كۆزلىرىنى ئېچىپتۇ.



ئاكا ـ سىڭىل ئىككىيلەن قورقۇنچلۇق بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپ، قۇياشنى كۈتۈۋاپتۇ. ئەمما، بىر كۈن ئۆتۈپ كېتىشى، قۇياش پېتىپ يەنە بىر قورقۇنچلۇق كېچىنىڭ كېلىشى تۇرغان گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار ئاغزىغا بولكىنىڭ ئۇۋۇقىنى سېلىپ باقمىغىلى بىر كۈندۈز، ئىككى كېچە بولدى. ئۇلار بىر ئامال قىلىپ ئۆيىگە قايتمىسا بولمايدۇ. بىراق، يول نەدە؟

ئۇلار ئورمانلىقتا ئۇياققا بېرىپ بېقىپتۇ، بۇياققا مېڭىپ بېقىپتۇ، ئەمما يەنىلا يول تاپالماپتۇ.

ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان گرېتېل يىغىسىنى توختىتالماي قاپتۇ. خېنشېلمۇ ئۇنىڭغا يەنە نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەپتۇ. لېكىن، ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغان بىلەن بىكار، يەنە ھەرىكەت قىلىش، ئۈمىدنى ئالدىراپ ئۈزۈۋەتمەسلىك كېرەك.

خېنشېل سىڭلىسىنى يېتىلەپ، كۆڭلى تارتقان بىر تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ماڭا ـ ماڭا، ئورمانلىقتىكى بىر بوش يەرگە كېلىپ قاپتۇ. قارىسا، بۇ يەرنىڭ ئۇ چېتىدە غەلىتە بىر ئۆي تۇرغۇدەك.

ئىككىيلەن ئۆينىڭ يېنىغا كېلىپتۇ. خېنشېل ئۆينىڭ تېمىغا قولىنى تەگكۈزگەنىكەن، قولىغا تامنىڭ بىر پارچىسى چىقىپتۇ.

— ۋۇي، بۇ شاكىلات ئىكەنغۇ! — دەپ تۇۋلىۋېتىپتۇ ئۇ بىردىنلا.

— بۇ يەردە سۈتلۈك كەمپۈتمۇ باركەن تېخى!

گرېتېل ئۆينىڭ تېمىدىن بىر پارچىنى سۇندۇرۇۋېلىپ ئاغزىغا ساپتۇ. ئۇ بۇنداق تەملىك نەرسىنى شۇ چاغقىچە يەپ باقمىغانىكەن.

— بىز بۇ يەردە تۇرۇپ قالايلى، — دەپتۇ خېنشېل ئوتتۇرىسىغا ئۆرۈك ۋە ياڭاق مېغىزى ئېلىنغان كەمپۈتنى چايناۋېتىپ.

ئۇ پېچىنىدىن ياسالغان ئىشىكنى يەپ باقماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

— ھەي، نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟!

تۇيۇقسىز بىر مومايىنىڭ كايىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، ئاندىن كېيىن ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن چىرايىنى قورۇقلار ئۆمۈچۈك تورىدەك قاپلاپ كەتكەن، كۆزلىرى چاشقاننىڭكىدەك ھىيلىگەرلىك بىلەن پىلدىرلاپ تۇرىدىغان بىر موماي بېشىنى چىقىرىپ قاراپتۇ.

مومايىنى كۆرگەن خېنشېل بىلەن گرېتېل قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچماقچى بولغاندا، موماي:

— ماۋۇ ئىككى ئاچ پاقىنى قارىمامدىغان! ھوي، سىلەر مېنىڭ ئىشىكىمنىمۇ سۇندۇرۇپ يېگىلى تۇرۇپسىلەرغۇ!... بولدى، بولدى، قورقماڭلار، مۇنداقلا دەپ قويدۇم. ئاپئاق باللىرىم، ئۆيگە كىرىڭلار، ئۆيگە كىرىڭلار دەيمەن! — دەپتۇ.

مومايىنىڭ مۇلايىم ئاھاڭدا قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئاكا - سىڭىل ئىككىيلەننىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپتۇ. ئەمما، ئۇلار دەسلەپتە شۇنى بىلەلمەپتۇكى، بۇ موماي بىر جادۇگەر ئىكەن. ئۇ كەمپۈتلەردىن ياسالغان بۇ ئۆيىنى بىخەستىلىك قىلىدىغان، قورسىقىغا ئامراق ئادەم ۋە ھايۋانلارنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ياسىۋالغانىكەن.

ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، جادۇگەر موماي ئاكا - سىڭىل ئىككىيلەننى دەڭسەپ بېقىپ، خېنشېلنى ئات ئېغىلىغا سولاپ قويۇپتۇ. چۈنكى، خېنشېل بەك ئورۇق ئىكەن.



— ھەي ئاۋاق شۇمتەك ، بەرگىنىنى ئوبدان يەپ تېزرەك سەمرىگىن ، شۇ چاغدا ماڭا تاماق بولۇشقا يارايسەن ! — دەپتۇ جادۇگەر موماي ، ئاندىن گرېتېلغا قاراپتۇ ، — ساڭا كەلسەك ، سەن ھازىرچە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ تۇر ، ئادەم گۆشى يېگۈم كەلگەندە سېنى كاۋاپ قىلىپ يەيمەن !

جادۇگەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى تونۇغان خېنشېل بىلەن گرېتېل يىغلاپتۇ ، جادۇگەر مومايدىن رەھىم قىلىپ ئۆزلىرىنى قويۇۋېتىشىنى سوراپتۇ . لېكىن ، جادۇگەر زادىلا ئۇنىماپتۇ .

جادۇگەر خېنشېلنى تازا سەمرىتىش ئۈچۈن ھەر كۈنى ئەڭ ياخشى يېمەكلىكلەرنى بېرىپ بېقىشقا باشلاپتۇ . گرېتېل بولسا ، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان بوپتۇ .

گرېتېل ئېپىنى تاپسىلا ئات ئېغىلىغا كېلىپ ئاكىسىنى يوقلاپ تۇرۇپتۇ . بۇنداق چاغلاردا ئۇلار بىر - بىرىگە دەردىنى ئېيتىپ يىغلىشىدىكەن ، جادۇگەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىدىكەن . لېكىن ، ئۇلار ھەرقانچە قىلىپمۇ قۇتۇلۇشنىڭ ياخشىراق ئامالىنى تاپالماپتۇ .

بالىلارنىڭ تەلىيىگە ، جادۇگەرنىڭ كۆزى ئاجىز ئىكەن . گرېتېل ئۇنىڭ كۆزەينىكىگە سىرىقماي سۇركەپ قويۇپتىكەن ، ئۇنىڭ كۆزى تېخىمۇ كۆرەلمەس بولۇپ قاپتۇ .

بىر كۈنى جادۇگەر خېنشېلنىڭ سەمرىگەن - سەمرىمىگەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئات ئېغىلىغا كەپتۇ .



— ھەي شۇمتەك ، قولۇڭنى بۇياققا سۇن ! بارماقلىرىڭنى سىلاپ باقاي ! — دەپتۇ ئۇ خېنشېلغا .

— مانا ! — دەپتۇ خېنشېل بىر تال توخۇ سۆڭىكىنى ئۇزىتىپ . بۇنى گرېتېل ئاكىسىغا ئوغرىلىقچە ئەكىلىپ بەرگەنىكەن .



— قانداق ئىش بۇ !
دەپ جاۋۇلداپ كېتىپتۇ جا-
دۇگەر يەرنى تېپىپ ، —
بالانى يېگەندەك يەيسەن ،
ئەمما تېخىچە شۇ پېتى ئو-
رۇق ، ئەبگا تۇرۇپسەن . سې-
نى يەنە بىر مەزگىل باقسام
بولىدىغان ئوخشايدۇ .
جادۇگەر قاقشاپ - قاق-
شاپ كېتىپ قاپتۇ . شۇنىڭ-
دىن كېيىن ، خېنشېل ئۇ-
نىڭ بەرگەن يېمەكلىكلىرى-
نى خاتىرجەم يەيدىغان بوپ-
تۇ . ئەمما ، جادۇگەر ھەر
قېتىم كېلىپ ئۇنىڭدىن قو-
لىنى چىقىرىشنى تەلەپ
قىلغاندا ، ھېلىقى توخۇ سۆ-
ڭىكىنى ئۇزىتىدىكەن . جا-
دۇگەر سۆڭەكنى تۇتۇپ كۆرۈپ ، يەنە قاقشاپ كېتىپ قالىدىكەن .

بىر ئاي ئۆتۈپتۇ ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە جادۇگەر گرېتېلنى چاقىرىپ :

— چاققان ئوت قالاپ دوخوپكىنى قىزىت ، — دەپتۇ ئۇ ئەلپازىنى بۇزغان ھالدا ، — ئوغۇل بالىنىڭ گۆشىدىن قىلىنغان كاۋاپنى ئەجەب يېگۈم كېلىپ كەتتى . ئۇ شۇمتەكنى ھەرقانچە باقساممۇ سەمرىمىدى ، ئەمدى ئۇنىڭ سەمرىشىنى ساقلاپ تۇرغۇدەك تاقىتىم قالمىدى !

جادۇگەر ئاكىسىنى كاۋاپ قىلىپ يەيمەن دەۋاتسا ، گرېتېلنىڭ دوخوپكىغا ئوت قالاپ قىزىتىپ بېرىشى مۇمكىنمۇ ؟ ئۇ قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭغا مۆكۈنۇۋاپتۇ .

خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ . جادۇگەر گرېتېلنى بىرنەچچە قېتىم چاقىرىپتۇ ، ئەمما ئۇ ئۈندىمەپتۇ . كېيىن جادۇگەر چىقىپ دوخوپكىغا تېخىچە ئوت يېقىلمىغانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە ، تېرىكىپ كېتىپتۇ :

— تازا يارىماس ئىكەنسەن ! بولدى ، ئوتنى ئۆزۈم قالايمەن !

جادۇگەر كوتۇلداپ يۈرۈپ ئوتۇن تېرىپ كەپتۇ ، ئاندىن دوخوپكىغا ئوتۇن ساپتۇ . ئۇ دوخوپكىنىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىپ ئەمدىلا ئوت يېقىشىغا ، گرېتېل بىر ئىتتىرگەنىكەن ، جادۇگەر دوخوپكىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ . گرېتېل تېزلىك بىلەن دوخوپكا ئىشىكىنى چىڭ يېپىپ قۇلۇپلاپ قويۇپتۇ .

جادۇگەر ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈپتۇ . كېيىن ئات ئېغىلىغا بېرىپ خېنشېل-نى قۇتقۇزۇۋاپتۇ .

ئاكا - سىڭىل ئىككىيلەن جادۇگەرنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قاپتۇ . ئەمما ، ئۇلار ئۆز ئۆيىنى ، دادىسىنى قاتتىق سېغىنىپتۇ ، بىر ئامال قىلىپ ئۆيىگە قايتىشنىڭ غېمىدىلا يۈرۈپتۇ .

بىر كۈنى ئىككىسى ئۆينى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ، كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن بىر ساندۇقچىنى تېپىۋاپتۇ . ئېچىپ قارىسا ، ئىچىدە لىققىدە تىللا بار ئى-كەن . ئۇلار قاتتىق خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ . خېنشېل :

— بىز ئۆيىگە قايتايلى ! بۇ تىللالارنىمۇ ئېلىپ كېتەيلى ، — دەپتۇ .

ئۇلار ئورمانلىقنىڭ ئىچىدىن يول ئىزدەشكە باشلاپتۇ . ئەتىسى ئۇلار يەنە يول ئىزدەپ يۈرسە ، بىر كىشى ئۇياق - بۇياققا قاراپ كېلىۋاتقۇدەك .

— دادام ئىكەن ! دادا ! — دەپ توۋلىۋېتىپتۇ گرېتېل بىردىنلا .

ئوتۇنچى ئىككى بالىسىنى كۆرۈپ ، يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئۇلارنى باغرىغا بېسىپتۇ .

— جېنىم بالىلىرىم ، بىچارە داداڭلارنى كەچۈرۈڭلار ، — دەپتۇ ئۇ ياش تۆكۈپ ، — ئۆگەي ئاناڭلار ئۆلۈپ كەتتى . سىلەرنى ئىزدەپ يۈرگىنىمگە نەۋاق ! ئەمدى بىز ھەرگىز ئايرىلمايمىز !

شۇنىڭدىن تارتىپ ، بىر ئائىلە كىشىلىرى قايتا جەم بولۇپ ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ .



# شاھزادە بىلەن مەلىكە

ئاسىيا چۆچىكى («مىڭ بىر كېچە»دىن ئېلىنغان)

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، پارس مەملىكىتىنىڭ دانىشمەن بىر پادىشاھى بولغانىكەن. ئۇنىڭ خانىشى ساھىبجامال، ئەقىللىق، ئاق كۆڭۈل ئايال ئىكەن. پادىشاھ ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن، لېكىن ئۆزىنى يەنىلا بەختلىك دەپ ھېسابلىمايدىكەن. چۈنكى، پادىشاھ بىلەن خانىشىنىڭ بىللە ياشاۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولغان بولسىمۇ، ئۇلار تېخىچە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىكەن.

بىر كۈنلەردە خانىش پادىشاھقا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ، ئارىدىن توققۇز ئاي توققۇز كۈن ئۆتكەندە ئۇ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. پادىشاھ پەرزەنت خۇشاللىقىدا پۈتۈن يۇرتقا ئاش تارتىپ كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئۇ ئوغلىغا «ئۆمەر» دېگەن ئىسىمنى قويۇپتۇ. بۇ ئەرەبچە سۆزنىڭ مەنىسى «پارلاپ تۇرغان يورۇقلۇق» ئىكەن.

پادىشاھ بىلەن خانىش شاھزادىنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن ئىسمىغا ئوخشاش پارلاپ تۇرۇشىنى، كەلگۈسىدە دادىسىغا ئوخشاش ياخشى پادىشاھ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپتۇ.





ئايلار ئۆتۈپتۇ ، يىللار ئۆتۈپتۇ ، شاھزادە ئۆمەر ئون بەش ياشقا كىرگەندە بىلىمدە، ھۆسن - جامالدا، قەددى - قامەتتە يېتىلىپتۇ، ئۇ باتۇر ، ئەقىللىق، ئاق كۆڭۈل ئىكەن. پۇقرالار ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئامراقلىق قىلىدىكەن .

ئۆمەر ئون سەككىز ياشقا تولغان كۈنى ، پادىشاھ ئۇنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپتۇ . شاھزادە ئۆمەر دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ، تەزىم قىلىپ يەرگە قارىغىنىچە ئەدەپ بىلەن تىك تۇرۇپتۇ .

— ئۆمەر ، مېنىڭ ئوبدان ئوغلۇم ، — دەپتۇ پادىشاھ ئوغلىنىڭ ئەدەپلىكلىكىدىن سۆيۈنگەن ھالدا ، — ئەمدى سەن چوڭ بولدۇڭ ، تىرىك چېغىمدا سېنى ئۆيلەپ قويۇپ خاتىرجەم بولماقچىمەن . ئاندىن كېيىن ، ھايات چېغىمدىلا سېنى ئۆز ئورنۇمدا مەملىكىتىمگە پادىشاھ قىلىپ تەختىمگە ئولتۇرغۇزماقچىمەن . سەن كۆڭلۈڭگە ياقىدىغان بىر قىزنى ئۆمۈرلۈك ھەمراھىڭ قىلىپ تاللىساڭ بولىدۇ .

لېكىن ، شاھزادە ئۆمەر :

— مۆھتەرەم دادا ، مەن تېخى كىچىك ، ئۆگىنىدىغانلىرىم تېخى جىق . ھېلى سىلى تەختنىڭ گېپىنىمۇ قىلدىلا ، ئەمما بۇ ھەقتىكى بىلىمىممۇ بەك يۇزە ، شۇڭا دۆلەتنى باشقۇرۇش بىلىملىرىنى كۆپرەك ئۆگىنىۋالسام دېگەن ئۈمىدىم بار ، ئاندىن كېيىن ئۆيلەنسەممۇ كېچىكمەسمەن ، — دەپتۇ .

— ئوغلۇم ، گېپىڭ ئورۇنلۇق . بىراق ، توي قىلىپ ئۆيلۈك بولۇش ناھايىتى مۇھىم بىر ئىش ، — دەپتۇ پادىشاھ ، — بىلىمنى ئۆيلۈك بولۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆگەنگىلى بولىۋېرىدۇ .

— لېكىن ، دادا ، ئوغلىڭىز تېخى كۆڭلىگە ھەقىقىي ياقىدىغان بىر قىزنى تاپقاندىن كېيىن توي قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ .

— بوپتۇ ، — دەپتۇ پادىشاھ جىددىي تەلەپپۇزدا ، — ساڭا بىر يىل ۋاقىت بېرەي .



www.uyghurkitap.com

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئون ئىككى ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ . شاھزادە نۇرغۇن قىزلار بىلەن ئۇچرىشىپتۇ ، ئەمما ھېچقايسىغا مېھرى چۈشمەپتۇ .

بىر كۈنى پادىشاھ شاھزادىنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپتۇ .

— ئوغلۇم ، ئىشلىرىڭ قانداقراق ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ بىتاقەت بولغان ھالدا ، — توي ئىشىڭنىڭ خەۋىرىنى قاچان ئاڭلىيالايمىز ؟

— ھۆرمەتلىك دادا ، مەن تا ھازىرغىچە كۆڭلۈمگە ياققۇدەك بىرەر قىزنى تاپالمىدىم ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە ئۆمەر .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ سەپراسى ئۆرلەپتۇ .

— ئۆمەر ! سەن يەنە باھانە كۆرسىتىپ يۈرىۋەرسەڭ مەن رەنجىپ قالى-مەن . دۆلەتنىڭ كەلگۈسىنى ئويلاپ ، بۇ ئىشقا تېزرەك تۇتۇش قىل ، ۋاقىتنى يەنە ئارقىغا سوزىۋەرسەڭ بولمايدۇ .

— كەچۈرۈڭ ، دادا ، مەن بۇنداق قىلالمايمەن . كۆڭلۈمدىكى كىشىنى تاپمىغۇچە ئۆيلەنسەم بولمايدۇ !

پادىشاھ دەرغەزەپكە كەپتۇ .

— ھەي بەڭۋاش بالا ، پادىشاھنىڭ ئەمرىگە بويۇن تولغىغۇدەك بولدۇڭمۇ ئەمدى ؟ ! — دەپ ۋارقىراپتۇ قولىنى شىلتىپ .

— ئۇنداق قىلىشقا ھەددىممۇ ! — دەپتۇ شاھزادە ئېگىلىپ تۇرۇپ ، — مەن پەقەت شاھ دادامغا ئۆز ئارزۇيۇمنى ئېيتىۋاتىمەن . مەن بۇنداق قىلىشنى يوللۇق دەپ قارايمەن .

— مەن ساڭا نېمىنىڭ يوللۇق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قوياي ! — دەپتۇ پادىشاھ ھۆركىرەپ ، — كېلىڭلار ، بۇ ياغاچ قۇلاقنى دېڭىز بويىدىكى قەسىرگە ئاپىرىپ نەزەربەند قىلىڭلار !




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

شاھزادە ئۆمەر شۇنداق تەقدىرگە دۇچ كەلگەن ئاشۇ كۈنلەردە، يىراقتىكى چىن مەملىكىتىدىكى بىر ساھىبجامال مەلىكىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۇنىڭكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىكەن. بۇ مەلىكە شۇ يىلى ئون ئالتە ياشقا كىرگەنىكەن. ئۇنىڭ گۈزەللىكىنىڭ داڭقى باشقا مەملىكەتلەرگىمۇ تارقىلىپ، بۇنى ئاڭلىغان داڭدار پادىشاھلار ۋە شاھزادىلەر ئۇنىڭ دادىسىغا قىزىنى سوراپ ئەلچىلەر ئەۋەتىپتۇ. ئەمما، مەلىكە ھېچقايسىغا پىسەنت قىلماپتۇ.

— مەن ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان يىگىتنى تاپقاندا ئاندىن توي قىلىمەن، — دەپتۇ ئۇ پادىشاھقا.

مەلىكە تۇرمۇشقا چىقىشتىن باش تارتقانسېرى، ئەلچى ئەۋەتكۈچىلەر شۇنچە كۆپىيىۋېرىپتۇ. لېكىن، ئۇ ھەر قېتىمدا پادىشاھقا يۇقىرىقى جاۋابتىن باشقا گەپنى قىلماپتۇ. ئاخىر پادىشاھ غەزەپكە كېلىپ، ئۇنى بىر قەسىرگە نەزەربەند قىلىپ قويۇپتۇ.

— مەھبۇس بولۇشقا رازىمەنكى، — دەپتۇ مەلىكە پادىشاھقا، — ئۆزۈم ياخشى كۆرمىگەن ئەرگە تېگىشنى ھەرگىز خالىمايمەن!



دەل مۇشۇ چاغدا، شاھزادە ئۆمەر كۈنلىرىنى دېڭىز بويىدىكى كونا قەلئەدە قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتقانىكەن. قەلئەدە ئىككى جىن بار ئىكەن، بىرىنىڭ ئىسمى ئەبۇبى، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى دەربى ئىكەن. ئۆمەر قەلئەگە كەلگەندىن بۇيان، ئىككى جىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ تۇرغانىكەن.

— شاھزادە ئۆمەر دۇنيا بويىچە ئەڭ پەزىلەتلىك، ئەڭ چىرايلىق ئادەم جۇمۇ، — دەپتۇ بىر كۈنى ئەبۇبى ھەمراھىغا.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ — دەپتۇ دەربى، — مېنىڭچە، دۇنيا بويىچە ئەڭ چىرايلىق ئادەم چىن مەملىكىتىدىكى بىر مەلىكە، ئۇ چىن پادىشاھىنىڭ ساھىبجامال قىزى.

ئەبۇبى بىلەن دەربى خېلى ئۇزاققىچە تالىشىپتۇ، ئەمما بىر - بىرىنى قايىل قىلالماپتۇ.

— ئەمىسە، بىز ئىككىسىنى بىر يەرگە ئەكىلىپ سېلىشتۇرۇپ كۆرمەيلىمۇ! — دەپتۇ ئەبۇبى، — شۇ چاغدىلا كىمنىڭ گېپىنىڭ راستلىقى مەلۇم بولىدۇ. سەن دېگەن مەلىكە شاھزادە ئۆمەردىن چىرايلىق بولسا، سەن ئۇتقان بول، ئەكسىچە بولسا مەن ئۇتقان بولاي.

دەربى ئەبۇبىنىڭ شەرتىگە ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەلىكىنى شاھزادىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلمەكچى بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتاپ
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بۇ ئىككى جىن بىر سائەتچە ئۇچقانىكەن، جىن مەملىكىتىگە بېرىپ قاپتۇ. ئۇلار ئۇخلاۋاتقان مەلىكىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، شاھزادە ئۆمەرگە ياندىشتۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

— ئىككىسى گۈزەللىكتە بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىكەن، — دېيىشىپتۇ ئىككى جىن، — ئۇلار تازا ماس كەلگەن بىر جۈپ ئىكەن.

ئىككى جىن يەنە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ پەردىنىڭ ئارقىغا يوشۇرۇنۇپتۇ.

ئانچە ئۆتمەي مەلىكە كۆزىنى ئېچىپتۇ. شاھزادىنى كۆرۈپ دەسلەپتە چۆچۈپ كېتىپتۇ، كېيىن ئۇنىڭ جامالىنى زوق بىلەن تاماشا قىلىپ: «دادام مېنى بەرمەكچى بولغان يىگىت مۇشۇ ئوخشىمامدۇ؟ شۇ ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام، دادامنى رەنجىتىپ يۈرمەس ئىكەنمەن! مەن ئۇزاقتىن بېرى كۈتۈۋاتقان يىگىت دەل مۇشۇ يىگىت ئىدى!» دەپ ئويلاپتۇ. مەلىكە يىگىتنى ئويغاتماقچى بولۇپتۇيۇ، خىجىل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىدىكى ئۈزۈكنى يىگىتنىڭ قولىغا تاقاپ قويۇپ، يەنە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن شاھزادە ئۆمەر ئويغىنىپتۇ. ئۇ ئۆرۈلۈپ شۇنداق قارىسا، يېنىدا ئاجايىپ گۈزەل بىر قىز ياتقۇدەك. ئۇ بىر قاراپلا بۇ قىزغا كۆيۈپ قاپتۇ.

شاھزادە ئۆمەرمۇ قىزنى ئويغاتماقچى بوپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزۇشنى خالىماپتۇ. ئۇ: «تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، مەن دادامدىن مانا شۇ قىزنى ماڭا ئېلىپ بېرىشىنى سورايمەن» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ، ئاندىن كېيىن ئۇمۇ قولىدىكى ئۈزۈكنى ئېلىپ مەلىكىنىڭ قولىغا سېلىپ قويۇپ، تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.



شۇنداق قىلىپ، ئىككى جىن بىر - بىرىنى يېڭەلمەپتۇ. ئۇنىڭغىچە
تاڭ يورۇپ قالاي دەپ قاپتۇ، قىزمۇ سەھەرلىك تاتلىق ئۇيقۇسىغا كەتكەن-
كەن. ئىككى جىن بۇ ساھىبجامال قىزنى كۆتۈرۈپ تۇرار جايىغا ئاپىرىپ،
ئۆز ئورنىغا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ.



مەلىكە مەرزۇۋانغا ئەھۋالنى بىرمۇبىر بايان قىلىپتۇ. مەرزۇۋان مەلىكە ياخشى كۆرۈپ قالغان يىگىتنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانماقچى بوپتۇ. مەلىكە قولىدىكى ئۈزۈكنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ.

مەرزۇۋان شەھەردىن - شەھەرگە، ئارالدىن - ئارالغا ئۆتۈپ نۇرغۇن يول يۈرۈپتۇ، ئۇچرىغانلىكى كىشىلەردىن ھېلىقى يىگىتنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئەمما، ھېچكىم ئۇنىڭ كىملىكىنى، نەدە تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمەپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پارس پادىشاھىنىڭ ئوغلى شاھزادە ئۆمەرنىڭ ئاتاشىقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقى مەرزۇۋاننىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى بىرنېمىنى تۇيغاندەك بوپتۇ. چۈنكى، شاھزادە ئۆمەرنىڭ كېسىلى مەلىكىنىڭ كېسىلىگە ئوپئوخشاش ئىكەن.

مەرزۇۋان كىشىلەردىن پارس مەملىكىتىگە قانچىلىك ۋاقىتتا يېتىپ بارغىلى بولىدىغانلىقىنى سورىغانىكەن، ئۇلار:

— دېڭىز ئارقىلىق يۈرسە بىر ئايلىق يول، قۇرۇقلۇق بىلەن ماڭسا ئالتە ئايلىق يول، — دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر كېمىگە چۈشۈپ پارس مەملىكىتىگە يول ئاپتۇ.

كېمە ساق بىر ئاي ماڭغاندىن كېيىن، يىراقتىن بىر شەھەر كۆرۈنۈپتۇ. كېمە قىرغاققا يېقىنلىشىپ قالغاندا، بىردىنلا قاتتىق دېڭىز بورىنى چىقىپ، كېمىنىڭ موما ياغاچلىرى ۋە قاناتلىرىنى سۇندۇرۇپ، كېمىنى دېڭىزغا كۆمتۈرۈپ تاشلاپتۇ.

مەرزۇۋان ئۆزىنى دېڭىزغا ئېتىپتۇ ۋە بىر تاختايغا ئېسىلىۋاپتۇ. دولقۇن ئۇنى شاھزادە ئۆمەر تۇرۇۋاتقان قەلئەنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ.





تاڭ سەھەردە ئويغانغان شاھزادە يېنىدا ھېلىقى ساھىبجامال قىزنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇ كۆزەتچىدىن سورىغانىكەن، كۆزەتچى شاھزادىنى ئېلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ قورقۇپ كېتىپتۇ.

شاھزادە قەلئەدىكى ھەربىر ئادەمدىن ھېلىقى قىزنىڭ دېرىكىنى قىپتۇ، ئەمما ھېچقايسىسىدىن ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالالماپتۇ.

شاھزادە ھېلىقى قىزنى كېچە - كۈندۈز ئويلاۋېرىپ، رەڭگى زەپىراندەك سارغىيىپتۇ. ئوغلىنىڭ ھالىدىن قاتتىق ئەنسىزلىككە چۈشكەن پادىشاھ ئۇنى ئەڭ ئۇستا تېۋىپلارغا كۆرسىتىپ داۋالىتىپتۇ، كاتتا دانىشمەنلەرنى چاقىرىپ مەسلىھەت ئاپتۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى شاھزادىنىڭ كېسىلىگە داۋا تاپالماپتۇ.

چىن مەملىكىتىدە بولسا، مەلىكىمۇ ئۆزى چىن دىلىدىن سۆيگەن ئادەمنى كۆرەلمەي قاتتىق ئازاب ئىچىدە قاپتۇ. چىن پادىشاھىمۇ قىزىنى داۋالىتىش ئۈچۈن خىلمۇخىل ئاماللارنى قىلىپ بېقىپتۇ، ئەمما بۇ ئاماللار قىلچە كار قىلماپتۇ.

مەلىكىنىڭ مەرزۇۋان ئىسىملىك سىرداش دوستى بار ئىكەن. ئۇ مەلىكىنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىنىپ:

— بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا سۆزلەپ بەر، سېنى دەرتتىن خالاس قىلىشنىڭ ئامالىنى قىلىپ قالسام ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ.

مەرزۇۋان ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، بىر قەلئەنىڭ يېنىدا ياتقۇدەك. ئۇ بىردىنلا بىر چەۋەندازنىڭ قەلئە تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

— بۇ قەيەر؟ — دەپ سوراپتۇ مەرزۇۋان چەۋەندازدىن.

— بۇ پارس پادىشاھلىقى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چەۋەنداز.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەرزۇۋان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپتۇ.

— ئاڭلىسام، پارس ئېلىنىڭ شاھزادىسى قاتتىق ئاغرىق ئىكەنمىش، بۇ راستمۇ؟

— شۇنداق، — دەپتۇ چەۋەنداز ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — شاھزادە ئۆمەر شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق قەددى - قامەتلىك، ئاجايىپ ئاق كۆڭۈل، ئەدەپلىك يىگىت ئىدى. نېمە بولدىكىن، ئۇنىڭغا بىر كېسەل چاپلاشتى - دە، ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزدى.

— ھازىر قانداقراق؟

— قانداق بولاتتى؟ ئۇ ئاش - تاماقتىن قاپتۇدەك، گېلىدىن ھەتتا سۇمۇ ئۆتمەيدىكەن. ئاھ ئۇرۇشتىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەن.

— ئەي ھۆرمەتلىك چەۋەنداز، — دەپتۇ مەرزۇۋان قەددىنى رۇس - لاپ، — مەن بىر تېۋىپ. مەن شاھزادىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، يۇرتۇمدىن ئالاھىدە بۇ يەرگە كەلدىم. ئىشىنىمەنكى، مەن چوقۇم ئۇنىڭ كېسىلىنى ساقايتالايمەن!



— ئۇنداق بولسا ، ناھايىتى ياخشى ! — دەپتۇ چەۋەنداز ، — يۈر ، مەن سېنى شاھزادىنىڭ ئالدىغا باشلاپ باراي .

مەرزۇۋان كىرگەندە شاھزادە ئۆمەر كارىۋاتتا ياتقان بولۇپ ، بىر تىنىقتا قالغانىكەن . مەرزۇۋان ئۇنى بىر كۆرۈپلا ، يۇرتمۇيۇرت يۈرۈپ ئىزدىگەن كىشىسىنىڭ شاھزادە ئۆمەر ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنىپتۇ .

مەرزۇۋان ھېچنېمە دېمەي ، پەقەت ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكنى شاھزادىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ . بىر چاغدا شاھزادە كۆزىنى «لاپپىدە» ئېچىپ ئۈزۈكنى كۆرۈپتۇ ـ دە ، كۆز چاناقلىرى كېرىلىپ ، نۇرسىز كۆزلىرىدە بىر خىل كۈچلۈك نۇر پەيدا بوپتۇ .

— ئاھ ! — دەپ توۋلىۋېتىپتۇ ئۇ ، — بۇ ئۈزۈك نەدىن كېلىپ قالدى ؟ بۇ مېنىڭ ئۈزۈكۈمغۇ ! مەن ئۇنى نىكاھىمغا ئالماقچى بولغان بىر قىزغا سوۋغا قىلغان .

شاھزادە ئۆمەر مەرزۇۋاندىن سوراپتۇ :

— ئېيتقىنا ، ئاشۇ قىز قەيەردە ؟

— قەدىرلىك شاھزادەم ، مەن چىن مەملىكىتىدىن كەلدىم ، — دەپتۇ مەرزۇۋان ، — ئۇ قىز بىزنىڭ مەلىكىمىز . ئۇ كېچە ـ كۈندۈز سىزنى سېغىنماقتا ، سىز بىلەن يەنە كۆرۈشۈشكە ئىنتىزار بولماقتا !

شاھزادە ئۆمەر ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ، كېسىلىمۇ دەرھال ياخشى بولۇپ قاپتۇ .

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ ئوغلىنىڭ ساقىيىپ قالغانلىقى ۋە ياخشى كۆرگەن قىزىنىڭ دېرىكىنى ئالالىغىنىدىن خۇرسەن بوپتۇ .





ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

شاھزادە ئۆمەر مەرزۇۋانغا دەستىسى ياقۇتلار بىلەن بېزەلگەن بىر قىلىچ ۋە بىر ئۇچقۇر ئاتنى سوۋغا قىپتۇ ، ئاندىن كېيىن ئۆزىنى گۈزەل مەلىكىنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ .

ئۇلار سەپەر تەييارلىقىنى تېز پۈتتۈرۈپ يولغا چىقىپتۇ . ئۇلار كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپتۇ ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ ، داۋان ئېشىپ تاغ كېزىپ-تۇ ، دەريا كېچىپ چۆل بېسىپتۇ ، گاھى سۇغا قېنىپ ، گاھى چاڭقاپتۇ . ئاخىرى چىن مەملىكىتىگە يېتىپ بېرىپ ، بىر كاتتا سارايغا چۈشۈپتۇ .

شاھزادە ئۆمەر ساراي خىزمەتچىسىدىن مەلىكىگە بىر پارچە خەت ۋە ياقۇت كۆزلۈك بىر ئۈزۈكنى ئەۋەتىپتۇ .

مەلىكە خەت بىلەن ئۈزۈكنى كۆرۈپ چەكسىز ھاياجانغا چۆمۈپتۇ . ئۇ دادىسىدىن شاھزادە ئۆمەر ۋە مەرزۇۋاننى دەرھال ئوردىغا تەكلىپ قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ . پادىشاھمۇ ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ، ئۇزاقتىن بېرى بىر - بىرىنىڭ دىدارىغا ئىنتىزار بولغان بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق ئاخىر قايتىدىن ئۇچرىشىپ ، چەكسىز بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈپتۇ .



پادىشاھ ئىشتىن خەۋەر تې-
پىپ ، ئالدىراپ مەلىكىنىڭ قەسى-
رىگە كەپتۇ . ئۇ قىزىنىڭ ساقىيىپلا
قالماي ، يەنە چىرايىدا كۈلكە ئوي-
ناپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئاتى-
لارچە خۇشاللىقىنىڭ پەيزىنى سۇ-
رۈپتۇ . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ،
پادىشاھ كاتتا توي مۇراسىمى ئۆت-
كۈزۈپ ، بۇ بىر جۈپ قىز - يى-
گىتنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇپتۇ .

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ھې-
لىقى ئىككى جىن — ئەبۇبى بىلەن
دەربى بىرمۇبىر كۆرۈپ تۇرۇپتۇ .
ئۇلار كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈن-
مەي توي زىياپىتىگە قاتنىشىپتۇ .

— قانداق ؟ دېگىنىم راستمى-
كەن ؟ مەلىكە ھەقىقەتەن بەك گۈزەل
جۇمۇ ! — دەپتۇ دەربى .

— دېگىنىڭ توغرا ئىكەن ! —
دەپتۇ ئەبۇبى ، — لېكىن ، شاھزادە ئۇمەرمۇ ئۇنىڭدىن قىلچە قېلىشمايدۇ .

— بولدىلا ، بىز يەنە تالىشىۋەرمەيلى ، ئۇلار بۇ دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق
بىر جۈپ قىز - يىگىت ئىكەن !

— توغرا ، مەن جەزىملەشتۈرەلەيمەنكى ، كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ بالىلى-
رى تېخىمۇ چىرايلىق بولىدۇ !

شۇنداق قىلىپ ، ئەبۇبى بىلەن دەربى
ئۆزئارا قايىل بولۇشۇپتۇ . ئۇلار خۇشال -
خۇرام ھالدا ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ .





# ئۇچار ساندۇق

دانىيە چۆچەكى (ئەسلى ئەسەر: ئاندېرسوننىڭ)

بۇرۇنقى زاماندا، دانىيەدە بىر كاتتا سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇ بەك باي ئىكەن. ئۇنىڭ ئالىك ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىكەن. بىر كۈنلەرگە بارغاندا، سودىگەر كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي تۈگەپ كېتىپتۇ.

ئەيش - ئىشرەت، ئويۇن - تاماشىغا ئامراق ئالىك دادىسىدىن قالغان مال - دۇنيانى ناھايىتى قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدىلا سورۇپ تۈگىتىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئىلكىدە ئۇچالايدىغان بىر ساندۇقتىن باشقا ھېچنېمە قالماپتۇ.

بىر كۈنى ئالىك ئۇچار ساندۇققا ئولتۇرۇپ سەپەرگە چىقىپ، تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ. ئۇ ئۇچا - ئۇچا، شەرقتىكى بىر شەھەرنىڭ ئاسمىنىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۇچار ساندۇقنى بىر قەسىرنىڭ ھويلىسىدا قونۇشقا بۇيرۇپتۇ.

— مەرھابا، مېھمان! — دەپتۇ بىر قىز ئالىك ساندۇقتىن چىقىشىغا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

ئالىك سەل تېڭىرقاپ تۇرۇپ قاپتۇ، ئاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ قىزغا سالام بېرىپتۇ.

— مەن... مەن مەلىكە، سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ قىز تارتىنغان هالدا.

ئالىك ئويلىنىپ تۇرمايلا:

— مەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ باشلىقى، سىزگە توي قىلىش تەكلىپى قويغىلى هۇزۇرىڭىزغا ئالاهىدە كەلدىم! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ساددا مەلىكە ئۇنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بوپتۇ. ئالىك ئۆزىنىڭ چاققانلىق بىلەن يالغاننى توقۇپ ئۇنى قولغا كەلتۈرەلىگەنلىكى ئۈچۈن كۆڭلىدە خۇش بوپتۇ.

توينىڭ هارپا كېچىسى، ئالىك ئۇچار ساندۇقتا پادىشاهنىڭ خەزىنىسىدىن نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى بولۇشىغا قاچىلاپ، ئوغرىلىقچە دانىيىگە قاراپ ئۇچۇپتۇ.

ئۇچار ساندۇق ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، ئەمما بەك ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكتىن، دانىيىگە يېقىن دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئالىك مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، ئاخىرى دانىيىگە قايتىپ كېلىۋاپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ هېچنېمىسى قالماپتۇ.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، هېلىقى بەختسىز مەلىكە خۇشلاشمايلا كېتىپ قالغان، ئۆزىنى «ئاقسۆڭەكلەرنىڭ باشلىقى» دەپ ئاتىۋالغان يىگىتنىڭ قايتىپ كېلىشىنى هازىرغىچە كۈتۈۋاتقانمىش.



# سىندىباتنىڭ دېڭىز سەپىرى

ئاسىيا چۆچىكى («مىڭ بىر كېچە»دىن ئېلىنغان)

قەدىمكى زاماندا باغداد شەھىرىدە سىندىبات دېگەن بىر ھامال ياشىغا-نىكەن. ئۇ يۈك توشۇپ تاپقان پۇلى بىلەن ئارانلا جان باقىدىكەن.

بىر كۈنى، ئۇ بىر قەسىرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. قۇلاق سالسا، ھويلىنىڭ ئىچىدىن ئاجايىپ يېقىملىق ناخشا، نەغمە - ناۋا ساداسى چىقىۋات-قۇدەك. سىندىبات قىزىقىپ ھويلا ئىچىگە كىرگەنىكەن، ھەر خىل تاماقلار-نىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى دىمىغىغا ئۇرۇلۇپتۇ.

سىندىبات بۇ ھەشەمەتلىك ھويلىنى، سۆلەتلىك خىزمەتكارلارنى كۆ-رۈپ ئۆز ھالىدىن ئاغرىنىپتۇ:

— ئەي خۇدا! سېنىڭ ئادىللىقىڭ شۇمۇ؟ نېمە ئۇچۇن بەزىلەرنى مانا شۇنداق بەختلىك، باياشات ياشاشقا ئېرىشتۈرۈپ، مېنىڭدەك بىر بىچارىنى نامراتلىقتا، خارلىق كۈچىسىدا ياشاشقا مەجبۇر قىلىسەن؟

سىندىبات ھەسرەت بىلەن بېشىنى چايقاپ سىرتقا چىقىشىغا، ھويلىدىن چىرايلىق، قامەتلىك بىر يىگىت چىقىپتۇ.

— ھامال، ئۆيگە كىر، خوجايىنىمىز چاقىرىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ سېنىڭ بىلەن مۇڭداشقۇسى بار ئىكەن، — دەپتۇ.

سىندىبات يىگىتنىڭ كەينىدىن بىرمۇنچە مېھمانلار ئولتۇرغان ھەشەمەت-لىك مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپتۇ.

— ئىسمىڭ نېمە؟ نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۆي ئىگىسى.





— ئىسمىم سىندىبات ، ھامماللىق بىلەن جان باقىمەن ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سىندىبات .

— بەللى ، مەن بىلەن ئىسمداش ئىكەنسەن ، — دەپتۇ ئۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن كۈلۈپ كېتىپ ، — مېنى كىشىلەر دېڭىزچى سىندىبات ، دېيىشىدۇ . بىلدىمەن ، سەن ھويلامغا كىرىپ قاراپ باقتىڭ ، مېنىڭ باياشات ، بەختلىك تۇرمۇشۇمغا ھەۋەس قىلىپ ، ئۆزۈڭنىڭ ھالىدىن ئاغرىندىڭ . ئەمما ، مەن مۇشۇ تۇرمۇشقا يېتىشىنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەت تارتقان . بېشىمدىن كىشى ھەيران قالغۇدەك ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلەر ئۆتكەن . مەن ئۆزۈمنىڭ جاپالىق ئەمگىكىم ۋە داۋاملىق تەۋەككۈلچىلىك قىلىشىم بىلەن بېيىغانمەن ۋە مۇشۇ كۈنگە ئېرىشكەنمەن . بۇلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ، دوست - بۇرادەرلىرىمگە بىلدۈرۈش مەقسىتىدە بۈگۈن مۇشۇ سورۇننى راسلىدىم . خالىساڭ ، قۇلاق سال ! ئۇلارنى ھېكايە قىلىپ بېرەي !

شۇنىڭ بىلەن ، دېڭىزچى سىندىبات ئۆزىنىڭ يەتتە قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ، سەپەر جەريانىدا خېيىمخەتەر ۋە ئۆلۈمدىن قانداق قۇتۇلغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى سۆزلەشكە كىرىشىپتۇ :

## بىرىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى



دادام كاتتا سودىگەر ئىدى، ۋاپات بولـ
غاندىن كېيىن ماڭا نۇرغۇن مال - مۈلۈك
مىراس قالدى. مەن ئويۇن - تاماشىغا بېرىـ
لىپ، ناھايىتى تېزلا بۇلارنى خەجلەپ تۈـ
گىتىۋەتتىم. ئويلاپ باقسام، مۇشۇنداق
كېتىۋەرسەم ئۇسال كۈنگە قالغۇدەكمەن.
شۇنىڭ بىلەن دېڭىز سەپىرىگە ئاتلىنىپ
تىجارەت قىلماقچى بولدۇم.

قالغان بىساتىم ۋە يەرلىرىمنى سېتىپ
پۇل غەملەپ، سەپەر تەييارلىقىنى قىلدىم، كېيىن باشقا سودىگەرلەر بىلەن بىللە بىر كېمىنى كىرا قىلىپ دېڭىزغا چىقتۇق. بىر كۈنى كېمىمىز گۈزەل بىر ئارالنىڭ يېنىدا توختىدى. قىرغاقـقا چىققاندىن كېيىن، ھەمراھلىرىم تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئوچاق قازغىلى تۇردى، يەنە بەزىلىرى ئارالنى تاماشا قىلدى. بىر چاغدا كېمە باشلىقى قىرغاقتا تۇرۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— كېمىگە تېز چىقىڭلار، بۇ ئارال ئەمەس ئىكەن، چوڭ بېلىقنىڭ ئۈستىگە ئۇزاق ۋاقىت توپا قونۇپ، ئوت - چۆپ ئۈنۈپ مۇشۇ ھالغا كەلگەنىكەن. سىلەر ياققان ئوتتىن ئۇنىڭ بەدىنىگە قىزىق ئۆتۈپ، چىدىيالـماي مىدىرلاۋاتىدۇ. بېلىق قوزغالسا، ھەممىڭلار ھالاك بولىسىلەر!

ھەممەيلەن كېمىگە قاراپ يۈگۈرـدى، بىراق مەن كېمىدىن بەك يىراقتا ئىدىم. بېلىق بىر سىلكىنىۋىدى، مەن دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتىم. تەلىيىمـگە، مەن دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەن بىر ياغاچ سوغىغا ئېسىلىپ ئېچىگە چۈـشۈۋالدىم.



مەن دېڭىزدا بىر كېچە - كۈندۈز لەيلەپ يۈردۈم، ئەتىسى بوران مېنى بىر ئارالغا ئەكىلىپ تاشلىدى. مەن ھوشۇمدىن كەتتىم. ھاۋا ئېچىلىپ، تېنىمگە ئىسسىق ئۆتكەندىن كېيىن ھوشۇمغا كەلدىم، ئارالدىكى ياۋا مېـۋىلەرنى يەپ، بۇلاق سۈيىنى ئىچىپ خېلى ئوڭلىنىپ قالدىم.

بىر كۈنى ، قىرغاقتا باغلاقلىق تۇرغان بىر ئاتنى كۆرۈپ قالدىم . ئۇ مېنى كۆرۈپ كىشنىدى ، شۇئان بىر ئادەم پەيدا بولدى - دە ، مېنىڭدىن :

— كىمسەن ، نەدىن كەلدىڭ ؟ نېمە قىلىسەن ؟ — دەپ سورىدى .

ئۇ ئادەم مېنى يەر ئاستىدىكى بىر گەمىگە باشلاپ كىردى . مەن بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم ، ئاندىن ئاتنى نېمىشقا باغلاپ قويغانلىقىنى سورىدىم .

— مەن پادىشاھنىڭ ئات باقارى ، ئاي تولغان چاغلاردا بىز بايتاللارنى دېڭىز بويىغا باغلايمىز . ۋاقتى يەتكەندە ، سۇ ئاتلىرى دېڭىزدىن چىقىپ بايتاللارغا چېپىلىدۇ ، كېيىن بىز گەمىدىن چىقىپ سۇ ئاتلىرىنى ئۈركۈتۈپ قاچۇرۇۋېتىمىز . كېلەر يىلى بايتاللاردىن ئاجايىپ ئېسىل تايلار تۇغۇلىدۇ . پادىشاھ ئۇلارنى چەت ئەللىكلەرگە يۇقىرى باھادا ساتىدۇ . بۈگۈن سۇ ئاتلىرى دېڭىزدىن چىقىدىغان كۈن . بۇ ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ، سېنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ باراي ، — دېدى ھېلىقى ئادەم .

ئىككىمىز سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندا ، تۇيۇقسىز كىشنەش ئاۋازى ئاڭلاندى ، ئارقىدىن قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈلدى . ئەسلىدە ئات باقارلار سۇ ئاتلىرىنى ئۈركۈتۈپ قاچۇرۇۋاتقانىكەن . بىردەمدىن كېيىن ئات باقارلار يىغىلدى ، غىزالىنىپ بولۇپ ئاتلىرىغا مىنىپ يولغا چىقتى ، مەنمۇ ئۇلارغا ئەگەشتىم . كېيىن بىز شەھەرگە كىرىپ ئۇدۇل پادىشاھ ئوردىسىغا باردۇق .





پادىشاھ مېنى ياخشى كۆتۈۋالدى ۋە كېمە توختاي-دىغان ساھىللارنىڭ بىرىگە باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى . بىر كۈنى ساھىلغا كې-لىپ توختىغان بىر كېمىنى تىزىملاۋېتىپ، كېمە باشلى-قىدىن :

— كېمىدە چۈشۈرۈل-مەي قالغان باشقا يۈك بار-مۇ؟ — دەپ سورىدىم .

— بار ، ئۇ سۇدا غەرق بولغان بىر مۇساپىرنىڭ مې-لى . ئۇنى باغدادقا ئېلىپ كېتىپ ، ئۇنىڭ يېتىم قالغان بالا - چاقىلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچىمەن ، — دېدى كېمە باشلىقى .

— مال ئىگىسىنىڭ ئىسمى نېمە ، نەلىك ئادەم ئىدى ؟

— ئىسمى دېڭىزچى سىندىبات ، باغدادلىق ، دېڭىزغا غەرق بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن .

مەن قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتتىم ۋە ئۆزۈمنىڭ دېڭىزچى سىندىبات ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم . كېمە باشلىقى گەپلىرىمگە ئىشەنمىدى .

مەن كېمە باشلىقىغا سەپەرگە چىقىش ئالدىدىكى ۋە سەپەرگە چىققاندىن كېيىنكى ئىشلارنى ئەسلەتتىم ، ئۆز ماللىرىمنىڭ تۈرلىرى ، رەڭگى ، سانى قاتارلىقلارنى بىرمۇبىر ئېيتىپ بەردىم . ماللارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈۋىدۇق ، ئېيتقىنىمدەك چىقتى . كېمە باشلىقى ماڭا ئىشەندى ، ماللىرىمنى قايتۇرۇپ بەردى . مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئېسىللىرىنى تاللاپ پادىشاھقا ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ باردىم ، يۇرتۇمغا قايتىش ئۈچۈن پادىشاھتىن ئىجازەت سورىدىم . پادىشاھ ماڭا ئىجازەت بەردى ، يەنە بىرمۇنچە سوۋغا - سالاملىق نەرسىلەرنى ئىنئام قىلدى .

مەن ماللىرىمنى سېتىپ ، پۇلىغا بۇ يەرنىڭ ئوبدان نەرسىلىرىنى سېتىۋالدىم - دە ، ماللارنى كېمىگە قاچىلاپ باغدادقا راۋان بولدۇم . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئىگىلىكىم روناق تېپىپ ، بېيىشقا باشلىدىم .

دېڭىزچى سىندىبات بېشىدىن ئۆتكەننى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ، ھامال سىندىباتقا ئۈچ تىللا ھەدىيە قىپتۇ ۋە ئەتىسى يەنە كېلىشكە تەكلىپ قىپتۇ .

ئەتىسى ، دېڭىزچى سىندىبات ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ .

# ئىككىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى

ئارىدىن خېلى چاغلار ئۆتتى، مېنىڭدە يەنە سەپەرگە چىقىش ئىستىكى پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن مال سېتىۋالدىم، يېڭى چوڭ كېمىگە كىرا قىلدىم. كېمىنىڭ يەلكەنلىرى يېڭى، يولۇچىسى كۆپ، ئوزۇق - تۈلۈكى يېتەرلىك ئىكەن. سەپىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولدى.

بىر كۈنى، ياپپېشىل بىر ئارالغا يېتىپ كەلدۇق. ھەممىمىز ئارالغا چىقتۇق. ساتىدىغاننى سېتىپ، ئالىدىغاننى ئېلىپ، غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن مېنى قاتتىق ئۇيقۇ باستى. بىر چاغدا ئويغىنىپ قارىسام، ئەتراپىمدا ھېچكىم يوق! كېمىدىكىلەر مېنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ.

مەن يىغلىدىم، قاقشىدىم، مۇشۇ ئارالدا نام - نىشانسىز ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ، دەپ قايغۇردۇم. ئەمما، يىغلىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ مەن ئارالدا سەرسان بولۇپ يۈرۈشكە باشلىدىم. بىر كۈنى كەچقۇرۇن، مەن ئارالنىڭ بىر چېتىدە گۈمبەز شەكىللىك بىر نەرسىنى كۆردۈم. چۆرىسىنى ئايلىنىپ چىقتىم، ھېچ يېرىدە ئىشىكى كۆرۈنمىدى. بىردىنلا ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باستى. قارىسام، ئاسماندا ھەيۋەتلىك بىر قۇش كۆرۈندى. ئۇنىڭ يېيىلغان قاناتلىرى قۇياشنى توسۇۋالغانىكەن.



مەن بۇرۇن دېڭىز سەپىرى قىلغانلارنىڭ بەزى ئاراللاردا «رۇخ» دەپ ئاتىلىدىغان ناھايىتى يوغان قۇش بار، ئۇنىڭ باللىرى پىلدەك چوڭ بولىدۇ، دېگەنلىكىنى ئېسىمگە ئالدىم - دە، ھېلىقى گۈمبەزنىڭ ئاشۇ قۇشنىڭ تۇخۇمى ئىكەنلىكىنى پەملىدىم.

قۇش يەرگە قوندى - دە، تۇخۇمنى باستۇرۇپ ياتتى. مەن سەللەمنى يىرتىپ ئارغامچا قىلىپ ئەشتىم. بىر ئۇچىنى بېلىمگە، يەنە بىر ئۇچىنى قۇشنىڭ پۇتىغا باغلىدىم. «قۇش ئۇچسا، مېنى ھاۋاغا كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، ئامال تېپىپ يۇرتۇمغا يېتىۋالارمەن» دەپ ئويلىدىم.

ئەتىسى تاڭ يورۇغاندا، قۇش تۇخۇمىنىڭ ئۈستىدىن قوپتى ۋە بىر قىچ-
قىرىپلا ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇم.
قۇش تازا ئېگىزلەپ بىرھازا ئۇچقاندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا تۆۋەنلەپ بىر
تاغنىڭ ئۈستىگە قوندى.

بېلىمدىن ئارغامچىنى يېشىپ، ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم ۋە ئەتراپقا قارى-
سام، بۇ يەر چوڭقۇر جىلغىلىق ئېگىز تاغ ئىكەن. مەن جىلغىدىن يول
ئىزدەپ ماڭدىم. جىلغىدا ئالماسلار چېچىلىپ ياتاتتى، ئەمما بۇ يەردىكى
زەھەرلىك يىلانلار بېسىپ كەتكەنىدى.

تۇيۇقسىز بىر قوينىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ قالدىم. مەن بۇرۇن سودىگەر
ۋە ساياھەتچىلەردىن «ئالماس تېغىغا ھېچكىم بارالمايدۇ، ئەگەر بىرەر كى-
شى ئالماس ئالماقچى بولسا، قوي سويۇپ گۆشىنى جىلغىغا تاشلىسا،
گۆشكە ئالماس پارچىلىرى چاپلىشىدۇ. رۇخ ۋە سۇمۇرغلار كېلىپ تاپنى
ئېلىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەندە، ئۇلارنى ئۈركۈتسە، تاپنى تاشلاپ قاچىدۇ.
كىشىلەر تاپقا چاپلىشىپ قالغان ئالماسلارنى تېرىۋېلىپ شەھەردە ساتىدۇ»
دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم.

مەن تاپنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئالماس پارچىلىرىنى تېرىۋالدىم، ئاندىن
سەللىدىن ئەشكەن ئارغامچا بىلەن تاپنى ئۈستۈمگە تېڭىپ يېتىۋالدىم. شۇ
ئەسنادا بىر قاراقۇش كېلىپ، تاپ بىلەن مېنى قوشۇپ قاماللاپ ھاۋاغا
كۆتۈرۈلدى. قاراقۇش تاغ بېشىغا قونۇپ تاپنى يېمەكچى بولغاندا، تۇيۇق-
سىز تاغ ئارقىسىدىن قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈلدى. ئۈركىگەن قاراقۇش
ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. مەن تاپتىن ئۆزۈمنى بوشىتىپ دالدىغا مۆكۈندۇم.
ئۈستۈپىشىم پۈتۈنلەي قان بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، مەن يەنە ھايات
قالدىم!



شۇنداق قىلىپ ، مېنىڭ نۇرغۇن ئالماسلىرىم بار بولدى ، بۇرۇنقىدىنمۇ بېيىپ كەتتىم . باغدادقا قايتىپ كەلگەندە ، ئۆزۈم بىلەن خېلى كۆپ ماللارنى ئېلىپ كەلگەنىدىم ، ئۇلارنى قېرىنداشلىرىم ، دوستلىرىمغا سوۋغا ـ سالام ، يېتىم ـ ئاجىزلارغا سەدىقە قىلدىم . ئۆزۈممۇ خاتىرجەم ، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدىم . مانا بۇ ئىككىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرىمنىڭ ھېكايىسى . ئەتە ئۈچىنچى قېتىملىق سەپىرىمدىكى سەرگۈزەشتىلەرنى سۆزلەپ بېرىمەن .

شۇ ئاخشىمى ھامبال سىندىبات يەنە ئۈچ تىللاغا ئېرىشىپتۇ . ئەتىسى ئۇ دېڭىزچى سىندىباتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ، ئۇنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى ئاڭلاپتۇ .

## ئۈچىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى

شۇ چاغدا مەن خېلىلا بېيىپ قالغان بولساممۇ ، يەنىمۇ بېيىغۇم كەلدى ، كۆرمىگەن يۇرتلارنى كۆرۈش ئىشتىياقىم قوزغالدى . شۇنىڭ بىلەن مەن يەنە دېڭىز سەپىرىگە ئاتلاندىم .

بىر كۈنى دېڭىزغا قاراپ تۇرغان كېمە باشلىقى ئۆزىنى كاچاتلاپ ۋارقىراشقا باشلىدى .

— ھەي كېمە باشلىقى ، نېمە بولدۇڭ ، نېمىگە ۋارقىرايسەن؟ — دەپ سورىدۇق ھەيران بولۇپ .

— قاراڭلار ! — دېدى كېمە باشلىقى ، — تەتۈر شامال چىقىپ دېڭىزدا دولقۇن كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ . مايمۇنلار ئارىلىغا بېرىپ قالىدىغان بولدۇق ، بۇ يەرگە كەلگەن ئادەم ئامان قالمايدۇ ، ئەمدى تۈگىشىدىغان بولدۇق .



ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگە ، ئادەمسىمان مايمۇنلار يامراپ كېلىپ كېمىنى قورشىۋالدى . ئۇلار بەك كۆپ ، ۋەھشىي ئىدى ، كۆزلىرىدىن بىر خىل كۆپكۆك ئوت چاقناپ تۇراتتى . ئۇلار كېمىگە يامىشىپ چىقىپ يەلكەننى چۇشۇردى ، ئارغامچىلارنى ئۈزۈۋەتتى .

تۈيۈقسىز گۈلدۈرلەپ كەلگەن غايەت زور دولقۇن قورقۇنچلۇق مايمۇنلارنى كىمە بىلەن قوشۇپ يالماپ كەتتى.

بىز ئارالغا تاشلىنىپ قالدۇق. ئارالنى ئارىلاپ يۈرگىنىمىزدە، چوڭ بىر قەسىرنى كۆرۈپ قالدۇق. بىز دەرھال ئۇ يەرگە باردۇق. قەسىر ئاجايىپ پۇختا سېلىنغان ئېگىز ئىمارەت ئىكەن. ئىمارەت-



نىڭ ئىچىدە چوڭ زال بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا ئېگىز سۇپا، بىر تەرەپتە قان يۇقى ئەسۋابلار، بىر تەرەپتە كاۋاپدان، بىر بۇلۇڭدا ئۇستىخانلار دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ.

بىز قاتتىق چارچاپ كەتكەچكە، بۇلارغا ئېرەن قىلماي كەتمەي سۇپىغا ئۆزىمىزنى تاشلاپ ئۇيقۇغا كەتتۇق.

كەچ كىرگەندە تۇيۇقسىز يەر تەۋرەپ، ھاۋادىن قاتتىق ھۇۋلىغاندەك دەھشەتلىك ئاۋاز ئاڭلاندى. ئويغىنىپ قارىساق، ئىمارەتنىڭ ئۈستىدىن بويى غايەت ئېگىز، قاپقارا، دىۋە سۈپەت بىر ئادەم چۈشۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى چوغدەك پارقىراق، ئاغزى قۇدۇقنىڭ ئاغزىدەك كامار، چىشى ياۋا توڭگۇزنىڭ چىشىدەك ئۇچلۇق، كالپۇكلىرى دوردايغان، قۇلاقلىرى مۈرىسىگە ساڭگىلىغان بولۇپ، تىرناقلىرى يىرتقۇچ قۇشلارنىڭكىدەك ئۆتكۈر ئىدى. ئۇنى كۆرۈپ، ئۆلۈكتەك قېتىپلا قالدۇق.

قورقۇنچلۇق مەخلۇق ئالدىمىزغا كەلدى ـ دە، مېنى قولىغا ئېلىپ، ھاۋادا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئايلاندۇرۇپ قارىدى. ئۇ مېنى ئورۇق دەپ ياراتمىغان چېغى، يەرگە قويۇپ، كېمە باشلىقىنى قولىغا ئالدى. ئارىمىزدا ئۇ دوغىلاق، سېمىز، ئۇستىخانلىق ئادەم ئىدى.

دىۋە سۈپەت مەخلۇق كېمىچىنى يەرگە ياتقۇزدى ـ دە، ئۇزۇن زىخنى گېلىدىن سانجىپ، لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا قاقلاپ كاۋاپ قىلدى، ئاندىن تىرناقلىرى بىلەن گۆشىنى تىتىپ ـ تىتىپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. ئۇ گۆشىنى يەپ بولۇپ، ئۇستىخىنىنى بىر چەتكە تاشلىۋەتتى.

دىۋە سۈپەت مەخلۇق كېمە باشلىقىنى پاك ـ پاكىز يەپ بولغاندىن كېيىن، سۇپىغا چىقىپ بوغۇزلانغان كالىدەك خارقىراپ خورەك تارتىپ ئۇخلاشقا باشلىدى.

تاڭ ئاتقاندا ئۇ ئويغىنىپ ، يەرنى تىترىتىپ مېڭىپ يەنە چىقىپ كەتتى .

ئۇ كەتكەندىن كېيىن ، بىر - بىرىمىزگە قاراپ يىغلاشتۇق . ئەمما ، يىغا بىلەن ئىش پۈتمەيدىغانلىقىغا كۆزىمىز يېتىپ ، قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدىمەكچى بولدۇق .

بىز ئۇيان - بۇيان قاراپ پاناھلانغۇدەك بىرەر جاينى تاپالماي ، يەنە ئىمارەتكە قايتىپ كېلىشىمىزگە ، يەر تىترەپ ، گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز چىقىپ ، ھېلىقى مەخلۇق يەنە يېتىپ كەلدى . ئالدىنقى قېتىمقىدەك ھەممىمىزنى بىر- بىرلەپ تۇتۇپ كۆرۈپ ، كۆڭلىگە ياققان بىرىنى تاللىدى - دە ، تۈنۈگۈنكىدەك زىخقا ئۆتكۈزۈپ كاۋاپ قىلىپ يېيىشكە باشلىدى . تويغاندىن كېيىن سۇپىغا چىقىپ ئۇيقۇغا كەتتى .

«ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئۆلۈمنى ساقلاپ ياتقۇچە ، بىر ئامال قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشىمىز كېرەك !» دېيىشتۇق ھەممىمىز .

بىز ئاۋۋال لىم ۋە تاختايلارنى قىرغاققا ئېلىپ بېرىپ سال ياسىدۇق . ئەگەر دىۋە سۈپەت مەخلۇقنى ئۆلتۈرەلىسەك تېخى ياخشى ، ئۆلتۈرەلمىسەك ، سالغا ئولتۇرۇپ قاچايلى ، كاۋاپ بولۇپ ئۆلگەندىن كۆرە دېڭىزغا غەرق بولۇپ ئۆلگىنىمىز ياخشى ، دەپ قارىدۇق .

شۇنداق قىلىپ ، بىز ياغاچلارنى زالدىن قىرغاققا توشۇپ ئاددىي بىر سال ياسىدۇق . قىرغاقتىن قايتىپ كېلىپ ، ئىككى تال ئاچىماق زىخنى لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوتقا تىقىپ قويدۇق . زىخلار راسا قىزىپ چوغقا ئايلانغاندىن كېيىن كۆتۈرۈپ سۇپىغا چىقتۇق . دىۋە سۈپەت مەخلۇقنىڭ ئىككى كۆزىنى چەنلەپ شۇنداق ئۇردۇقكى ، ئىككى زىخ كۆزىگە سانجىلىپ يېرىم گەز پاتتى . ئۇنىڭ كۆزى كور بولدى . ئۇ نەرە تارتىپ ئورنىدىن تۇردى - دە ، يىقىلىپ - مۈدۈرۈلگەن پېتى سىرتقا قاچتى .

جان قايغۇسى بىزگە مەدەت بەردى . بىز ئالمان - تالمان دېڭىز بويىغا يۈگۈرۈپ باردۇق - دە ، سالغا ئولتۇرۇپ قىرغاقتىن يىراقلاشتۇق . دىۋە سۈپەت مەخلۇق ئۆزىگە ئوخشاش بىرەيلەننى باشلاپ يېتىپ كەلدى . ئۇلار سالغا تاش ئاتتى ، سالدىكى ھەمراھلىرىمنىڭ بەزىلىرى تاشتا يەنجىلىپ ، بەزىلىرى سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلدى ، مەن ۋە ئىككى ھەمراھىم ئامان قالدۇق .





ھايات قالغان ئۈچەيلەن سالدا ئولتۇرۇپ سۇ يۈزىدە لەيلەپ ئۈزۈشكە باشلىدۇق. دولقۇن بىزنى بىر ئارالغا سۈرۈپ ئېلىپ باردى.

بىر ئۇ يەردە قىرغاققا چىقتۇق. ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقتىن ماغدۇرسىزلىنىپ، ئارالدىكى بىر قۇرغاق يەردە ياتتۇق. ئەمدىلا كۆزىمىزنى يۇمغاندۇق، دەھشەتلىك بىر نەرسىنىڭ شەپىسى ئاڭلاندى. ئويغىنىپ قارىساق، ئالدىمىزدا يوغان بىر بوغما يىلان بىزگە خىرىس قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ بىردىنلا دەم تارتىپ، ھەمراھىمىزدىن بىرىنى يۇتۇپ كەتتى. قالغان ئىككىمىز ئۇنىڭ ئالدىدىن قاچتۇق.

بىر ھەمراھىمىزنى يەپ قورسىقىنى توقلىۋالغان يىلان بىزنى قوغلىمىدى. بىز باش قايغان تەرەپكە مېڭىپ، كەچ كىرگەندە بىر چوڭ دەرەخنىڭ ئاستىغا كېلىپ توختىدۇق. بىز ئۇنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىۋالدۇق. مەن دەرەخنىڭ ئۇچىغا چىقىپ، بىر تال شاخنىڭ چاتىقىغا چاپلىشىپ ياتتىم.

شۇ كېچىسى ھېلىقى بوغما يىلان پەيدا بولۇپ، ھەمراھىمنى بىر دەم تارتىپلا يۇتۇۋەتتى ۋە قورسىقى تويغاندىن كېيىن دەرەخ ئاستىدا يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

بۇ ئارالدا يالغۇز مەنلا قالدىم. بۇ بىر قورقۇنچلۇق كېچە ئىدى. تاڭ ئاتسا، ئادەمخور بوغما يىلان ئويغىنىدۇ. مەن دەرەخنىڭ ئۇچىغا چىقىۋالساممۇ بەرىبىر بىكار، ئۇ ھامان مېنىمۇ دەم تارتىپ يۇتۇۋېتىدۇ. دەرەختىن چۈشۈپ قاچتىم دېگەندىمۇ، يىلان بەرىبىر يېتىشىۋالىدۇ. مەن راستتىنلا يىلانغا يەم بولۇپ كېتەرمەنمۇ؟

مېنىڭ ئۆلۈمنى ساقلاپ يېتىۋەرگۈم كەلمىدى. يىلان قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، شەپە چىقارماي دەرەختىن چۈشتۈم. بىرنەچچە پارچە تاختاي تېپىپ ئۇستىۋېشىمغا قويدۇم ۋە ئۇيان دوملاپ، بۇيان دوملاپ يۇرۇپ ئۆزۈمنى تاختايلارنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ باغلىۋەتتىم. شۇ تاپتا مەن دوبۇلغا-ساۋۇت كىيىۋالغاندەكلا بولۇپ قالغانىدىم.

يېرىم كېچە بولغاندا، يىلان ئويغاندى. ئۇ مېنى يۇتۇۋەتمەكچى بولدى، لېكىن ھەرقانچە دەم تارتىپمۇ يۇتۇۋېتەلمىدى.



بوغما يىلان تاك ئاتقۇچە مېنى
بىردەم دەم تارتىپ يۇتۇۋەتمەكچى ،
بىردەم ماڭا چىرمىشىپ مىجىۋەت-
مەكچى بولغاندەك ھەپىلىشىپ
چىقتى ، ئەمما زادىلا يۇتۇۋېتەلمە-
دى . ئۇ تاك ئاتقۇچە ئاۋارە بولۇپ
ھالىدىن كەتتى - دە ، سالپايغان ھال-
دا يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ كېتىپ
قالدى .

مەن تاختايلاردىن بوشاندىم -
دە ، يۇگۇرە - يۇگۇرە ، دېڭىز بويى-
غا كېلىپ قالدىم . قارىسام ، يىراق-
تىن بىر كېمىنىڭ يەلكىنى كۆرۈ-
نۈۋاتىدۇ . شۇئان دەرەخنىڭ بىر تال
شېخىنى سۇندۇرۇپ پۇلاڭلاتتىم ،
بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىدىم . كېمە
قىرغاققا كەلدى ، كېمىدىكىلەر مې-
نى كېمىگە ئېلىۋالدى . مەن ئۇلار-
غا باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتە-
لىرىمنى ، دۇچ كەلگەن خەۋپ- خەتەرلەرنى باشتىن - ئاخىر سۆزلەپ
بەردىم . ۋەھىمىلىك ھېكايىلىرىمنى ئاڭلاپ ئۇلار ئاغزىنى ئېچىپلا قېلىش-
تى . ئۇلار ماڭا خەيرخاھلىق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ كىيىملىرىنى كىيگۈزدى ،
ئالدىمغا تاماق قويدى . تويغۇدەك يەپ - ئىچىپ ، قايتا تىرىلگەندەك روھىم
كۆتۈرۈلدى .

بىز دېڭىزدا ئوڭۇشلۇق سەپەر قىلىپ ، يەنە بىر ئارالغا يېتىپ كەلدۇق .
سودىگەرلەر ماللىرىنى قىرغاققا ئېلىپ چىقىپ سېتىشقا كىرىشتى . مەن بىر
چەتتە بويۇن قىسىپ تۇردۇم . كېمە باشلىقى ماڭا قاراپ :

— سەن ھەقىقەتەن باتۇر ئادەم ئىكەنسەن ، نۇرغۇن مۇشەققەتلەرنى
يېڭىپسەن . بىزنىڭ كېمىدە ئىلگىرى بىر يولۇچى بولغان ، ئۇ يول ئۈستىدە
ئىزسىز يوقالدى . ئۇنىڭ بىزدىكى ماللىرىدىن بىر تاي بېرەي ، سېتىپ خەج-
خىراج قىلىپ تۇرغىن ، باغدادغا قايتقاندىن كېيىن پۇل راسلىيالىساڭ بېرەر-
سەن ، — دېدى .

ئۇ خىزمەتكارىغا غايىب بولغان يولۇچىنىڭ مېلىنى ماڭا تاپشۇرۇشقا
بۇيرۇۋىدى ، خىزمەتكارى :

— خوجايىن ، بۇ ماللارنىڭ رەسمىيىتىنى ئۆتىگەندە كىمنىڭ نامىغا
تىزىملايمەن ؟ — دەپ سورىدى .

— كىمنىڭ نامىغا تىزىملايتتىڭ ! بەختسىز سودىگەر — دېڭىزچى سىندىباتنىڭ نامىغا تىزىملايسەن ـ دە ! — دېدى كېمە باشلىقى .

بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەن مەن ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىۋەتتىم :

— ئەي ھۆرمەتلىك كېمە باشلىقى ! سەن دەۋاتقان دېڭىزچى سىندىبات مانا مەن ئەمەسمۇ ؟ ! مەن دېڭىزدا غەرق بولۇپ كەتمىدىم ، شۇ كۈنى كېمە تاقىر ئارالدا توختىغاندا ، سالقىن جايدا ئۇخلاپ قاپتىمەن . ئويغىنىپ قارىسام ، سىلەر كېتىپ قاپسىلەر . ئالماس سودىگەرلىرى مېنى قۇتقۇزۇۋالدى ، بۇ ماللار ئەسلىدە مېنىڭكى !

سۆزۈمنى ئاڭلىغان سودىگەرلەر ئەتراپىمغا ئولاشتى . يولۇچىلاردىن بىرى يېنىمغا كېلىپ تازا سەپسالغاندىن كېيىن

— بۇرادەرلەر ، قاراڭلار ، بۇ كىشى راستىنلا دېڭىزچى سىندىبات ئىكەن ! — دېدى .

كېمە باشلىقى ماڭا راسا تىكىلىپ قاراپ :

— ماللىرىڭنىڭ بەلگىسى بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

مەن ئۇنىڭغا ماللىرىمنىڭ خىلى ، تۈرى ، رەڭگى ، ساننى بىرمۇبىر ئېيتىپ بەردىم . ئۇ يولۇچىلار ، سودىگەرلەرنىڭ گۇۋاھلىقىدا ماللىرىمنى تەكشۈرۈپ ، سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ، مېنىڭ راستىن دېڭىزچى سىندىبات ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن ، ماللىرىمنى قايتۇرۇپ بەردى . مەن چەكسىز خۇشاللىق ئىلكىگە چۆمدۈم ، كېمىدىكىلەر مېنى تەبرىكلىدى .

بىز داۋاملىق سەپەر قىلدۇق ، ئۇمىد شاملى بىزنى يۇرتىمىزغا ئېلىپ باردى . مەن ئۇرۇق ـ تۇغقان ، دوست ـ بۇرادەرلەر بىلەن سالامەت كۆرۈشتۈم ، تۇل خوتۇن ، يېتىم ئوغۇللارغا ساخاۋەت قىلدىم . دوستلارغا زىياپەت بېرىپ ، مېھماندوستلۇق قىلدىم . سەپەرنىڭ مۇشەققىتى ، خېيىمخەتىرىنى ئۇنتۇپ ، قايتا ھايات باشلىدىم .

ئەتە يەنە كەلسەڭلار ، تۆتىنچى قېتىملىق سەپىرىمدە كۆرگەنلىرىمنى سۆزلەپ بېرىمەن .



دېڭىزچى سىندىبات ھامال سىندىباتقا يەنە ئۈچ تىللا بېرىپتۇ ۋە ئەتىسى كېلىشكە تەكلىپ قىپتۇ .

ھامال سىندىبات ئەتىسى سەھەردىلا دېڭىزچى سىندىباتنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ، تۈنۈگۈنكى مېھمانلارمۇ كېلىپ بولغاندىكەن . خوجايىن ئوچۇق چىراي قارشى ئاپتۇ ، ھەممەيلەن ناشتىلىق قىلىپ بولغاندىن ، دېڭىزچى سىندىبات تۆتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرىدە بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى سۆزلەشكە باشلاپتۇ .

# تۆتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى

خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان كۈنلەردە، مېنىڭدە يەنە سەپەرگە چىقىش ھەۋىسى قوزغالدى. مەن يىراقتا سەپەرگە باب كېلىدىغان ماللارنى تاللاپ، بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپ سېتىۋالدىم، ئاندىن كېمىگە ئولتۇرۇپ يولغا راۋان بولدۇم.

كېمە دولقۇنلار يېرىپ بىر دېڭىزدىن يەنە بىر دېڭىزغا، بىر ئارالدىن يەنە بىر ئارالغا قاراپ ئىلگىرىلەۋەردى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تۇيۇقسىز ئالدىمىزدىن قويۇن كۆتۈرۈلدى. ئارقىدىن چىققان شىددەتلىك بوران كېمە مومىسىنى سۇندۇرۇپ، يەلكەننى يىرتىپ، ھەش - پەش دېگۈچە كېمىنى دۈم كۆمتۈرۈۋەتتى. مەن كېمىنىڭ سۇنغان بىر ياغىچىنى تۇتۇۋالدىم. بىز بىرنەچچىمىز سۇ يۈزىدە بىر كېچە - كۈندۈز لەيلەپ يۈردۇق.

ئەتىسى دېڭىز دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، بىزنى بىر قىرغاقتا چىقىرىپ قويدى. بۇ يەردە بىر توپ يالىڭاچ، ئۇزۇنتۇرا ئادەملەر بىزنى تۇتۇۋېلىپ، پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. پادىشاھ بىزگە تاماق بەردى. مېنىڭ بۇ تاماقنى يېگۈم كەلمىدى، ھەمراھلىرىم ئۇنى يېگەندىن كېيىن، ئەقلىدىن ئېزىپ ساراڭلاردەك بولۇپ قالدى. ئۇلار ئاچ بۆرىگە ئوخشاپ قالغانىدى، يېسە - يېسە قورسىقى زادىلا تويمايتتى.



ھېلىقى يالىڭاچ ئادەملەر ئادەم گۆشىنى خام يەپ ئۆگەنگەنىكەن . شۇ-ڭا ، ئۇلار بۇ ئارالغا كېلىپ قالغان كىشىلەرنى ئالدى بىلەن سەمرىتىپ ، ئەڭ سېمىزلىرىنى پادىشاھىغا بېرىپ ، قالغانلىرىنى ئۆزلىرى يەۋېتىدىكەن . ئۇ-لارنىڭ پادىشاھى دىۋە ئىكەن .

مەن ھەمراھلىرىمنىڭ ھالىغا قايغۇردۇم ، ئۆزۈم تاماق يېمەي تۇرۇۋال-دىم . ئاچلىقتىن قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالدىم ، تېرىلىرىم سۆڭەككە چاپلى-شىپ ، ئادەم سىياقىم قالمىدى . مېنىڭدەك ئورۇق ئادەمگە كىممۇ قارايدۇ دەيسىلەر ! ئۇلار بارا - بارا مېنى ئۇنتۇدى .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، مەن بۇ يەردىن يوشۇرۇن قاچتىم . ئاچ قالسام ياۋا مېۋىلەرنى يەپ جان ساقلاپ ، يەتتە كېچە - كۈندۈز ئارامسىز مېڭىپ ، سەككىزىنچى كۈنى بىر يەرگە يېتىپ كەلدىم . قارىسام ، بىر توپ كىشىلەر پىلپىل يىغىۋېتىپتۇ . ئۇلار ئەتراپىمغا ئولاشتى . مەن ئۇلارغا كەچۈرمىشلى-رىمنى سۆزلەپ بەردىم . ئۇلار ئىچ ئاغرىتىپ تەسەللى بېرىشتى ، كېيىن مېنى كېمىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ يۇرتىغا ئېلىپ كەتتى .

ئۇلار مېنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشىدى ، ئۇ مېنىڭ ھېكايەمنى ئاڭلاپ ، ماڭا خەيرخاھلىق قىلدى . شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ يۇرتتا تۇرۇپ قالدىم .

زەن سالسام ، بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى ، ھەتتا پادىشاھمۇ ئاتلىرىنى ياۋىداق مىنىدىكەن .

مەن ئۇستا بىر ياغاچچىنى تېپىپ ، ئۇنىڭغا ئېگەر ياساش ئۇسۇللىرىنى كۆرسەتتىم ، كىگىزچىگە يۇڭدىن توقۇم ياساتتىم ، موزدۇزغا كۆن - چەمدىن قۇشقۇن ، ئۇلاڭ تەييارلاتتىم ، تىككۈچىگە كۆرپىچەك تىككۈزدۈم . تۆمۈر-چىگە ئۈزەڭگە - يۈگەن ياساتتىم . ئاندىن بىر ئاتقا ئېگەر - جابدۇقلارنى توقۇپ ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردىم . پادىشاھ ئاتقا مىنىپ كۆرۈپ ، مېنىڭ ئىشىمدىن رازى بولدى ، ماڭا نۇرغۇن ئىنئام بەردى .



ۋەزىر ، ياساۋۇل ، لەشكەرلەرمۇ ئاتلىرىغا ئىگەر ياساپ بېرىشىمنى تە-
لەپ قىلىشتى . ھۇنىرىمنىڭ بازىرى چىقىپ كەتتى ، مەن پۇلمۇ ، ئابرۇيمۇ
تاپتىم .

بىر كۇنى پادىشاھ مېنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ :

— بىز سەندىن ئايرىلىشنى خالىمايمىز ، شۇڭا سېنى چىرايلىق بىر
قىزغا ئۆيلەپ قويايلى دېيىشتۇق . بۇنىڭغا قانداق قارايسەن ؟ — دېدى .

مەن رازىلىق بەردىم . شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ كاتتا توي مۇراسىمى ئۆت-
كۇزۇپ مېنى ئۆيلەپ قويدى .

مەن ئايالىم بىلەن كۆڭۇللۇك ياشاۋاتقان كۇنلەرنىڭ بىرىدە ، ئىناق ئۆتى-
دىغان تام قوشنىمىزنىڭ ئايالى ۋاپات بولدى . قوشنىمىز قاتتىق قايغۇ ئىچىدە
تۇگىشىپلا كەتتى . مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەردىم :

— دوستۇم ، ئۆزىڭىزنى قىيناۋەرمەڭ ، پېشانىڭىزگە پۇتكىنى شۇ ئوخ-
شايدۇ . كېيىنچە مەرھۇمدىنمۇ ياخشىراق ھەمراھقا ئېرىشىپ قالارسىز .

— ھەي - ي ، سىز نېمىلەرنى دەۋاتىدىغانسىز ! — دېدى قوشنام ھەس-
رەتلىك ئۇھ تارتىپ ، — بۇگۇن مەن ئايالىمنىڭ جەسىتى بىللە دەپنە
قىلىنىمەن . بۇ بىزنىڭ يۇرتىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى !

راست دېگەندەك ، قوشنامنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ، دوست - بۇرادەرلىرى
ئۇنىڭ ئايالىنى تاۋۇتقا سېلىپ دېڭىز بويىدىكى تاغ باغرىغا ئېلىپ باردى .
ئۇ يەردىكى بىر تاشنى كۆتۇرۇۋىدى ، ئاستىدىن بىر چوڭقۇر ئۆڭكۇر كۆ-
رۇندى . جامائەت مېيىتنى ئۆڭكۇرگە تاشلىدى . كەينىدىن ، قوشنامغا بىر
قاپاق سۇ ۋە يەتتە ناننى تۇتقۇزۇپ ، ئۆڭكۇرگە كىرگۇزۇۋەتتى ۋە ئۆڭكۇر-
نىڭ ئېغىزىنى ھېلىقى چوڭ تاش بىلەن ئېتىۋەتتى .





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۇ ئىشنى زادىلا قوبۇل قىلالمىدىم ، كۆڭلۈمنىڭ ئارامى قاچتى . مەن پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ :

— ئەي پادىشاھىم ، بۇ يۇرتتا ئۆلۈك بىلەن تىرىك بىللە دەپنە قىلىنىدىكەن ، بۇ قانداق بولغىنى ؟ — دەپ سورىدىم .

— بىزنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمىز شۇنداق ، — دېدى پادىشاھ ، — ئەر بىلەن ئايال مەڭگۈ بىر - بىرىدىن جۇدا بولمىسۇن ئۈچۈن شۇنداق قىلىنىدۇ .

— بىزدەك ياقا يۇرتلۇق مۇساپىرلارمۇ شۇنداق قىلىنىشى كېرەكمۇ ؟

— ئەلۋەتتە ، ئۇلارمۇ بىللە دەپنە قىلىنىدۇ .

پادىشاھنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، قورققىنىمدىن يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى . كېيىن ئۆزۈمگە : «كىم بىلىدۇ ، خوتۇنۇمدىن بۇرۇنراق ئۆزۈم ئۆلۈپ كېتەرمەن» دەپ تەسەللى بەردىم .

ئۇزاق ئۆتمەي ، ئايالىم كېسەل بولۇپ بىرنەچچە كۈن ياتقاندىن كېيىن ۋاپات بولدى . جامائەت ئايالىمنىڭ جەسىتىنى سۇغا ئالدۇردى ، ئاندىن تاۋۇتقا سېلىپ ھېلىقى تاغ باغرىغا ئېلىپ باردى . ئۇلار ئۆڭكۈر ئاغزىدىكى تاشنى كۆتۈرۈپ ، ئايالىمنىڭ جەسىتىنى ئۆڭكۈرگە تاشلىدى ، ئاندىن نالە-پەريادلىرىمغا قۇلاق سالماي ، مېنى باغلاپ ئۆڭكۈرگە چۈشۈردى ۋە ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېتىپ كېتىشتى .

قاراڭغۇدا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى . ئۆڭكۈر نۇرغۇن جەسەتلەر بىلەن تولغانىدى ، ئەتراپتا قىممەتلىك زىبۇزىننەت ، ئۈنچە - مەرۋايىتلار چېچىلىپ ياتاتتى . مەن قورقۇنچنى ئۇنتۇپ ، ئۇلارنى تېرىشكە باشلىدىم . بىرنەچچە كۈن ئۆتتى ، نان ۋە سۇمۇ تۈگىدى . مەن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەشكە باشلىدىم .

بىر كۈنى نېمىنىڭدۇر دۈپۈرلىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم . قارىسام ، تاپ يەيدىغان بىر ۋەھشىي هايۋان ئىكەن . ئۇ مېنى كۆرۈپ بەدەر قاچتى ، مەن ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي يۈگۈردۈم . بىرھازادىن كېيىن ، ئالدىمدا بىلىنەر - بىلىنمەس يورۇقلۇق كۆرۈندى . مەن ئۇياققا قاراپ ماڭدىم . يورۇقلۇق بارغانسېرى يوغىناپ ، ئاخىرى تاشقىرىغا ئېچىلغان بىر تۆشۈك كۆرۈندى . ئەسلىدە تاپ يەيدىغان هايۋانلار بۇ تۆشۈكنى ئاچقانىكەن .

مەن قايتا نىجاتلىق يولىنى تاپقاندەك بولدۇم . ئارقامغا يېنىپ ، يىغقان بايلىقلىرىمنى ئالدىم - دە ، هېلىقى تۆشۈكتىن سىرتقا چىقتىم . قارىسام ، دېڭىز قىرغىقىدىكى ئېگىز بىر تاغ تۆپىسىدە تۇرۇپتىمەن . دېڭىز بۇ يەرنى باشقا ئارال ۋە شەھەرلەردىن ئايرىپ تۇرىدىكەن .

بىر كۈنى تاغ بېشىدا دېڭىزغا قاراپ ئولتۇرسام ، دېڭىزنىڭ ئىچكىرىسىدە كېتىۋاتقان بىر كېمە كۆرۈندى . مەن دەرهال ئۆلۈكلەرنىڭ كېپىنىدىن بىرنى ئۈزۈن خادا ياغاچقا تېڭىپ پۇلاڭلاتتىم ، قىرغاق بويىلاپ يۈگۈرۈپ ۋارقىرىدىم . كېمىدىكىلەر مېنىڭ بەلگە بەرگىنىمنى كۆرۈپ ، بىر قېيىق بىلەن بىرنەچچە كىشىنى قىرغاققا ئەۋەتىپتۇ .

— مەن سودىگەر ئىدىم ، — دېدىم ئۇلارغا ، — كېمىمىز يول ئۈستىدە غەرق بولدى ، مەن ئۆزۈم بىلەن بەزى ماللارنى ئېلىپ بىر تاختىغا ئېسىلىۋېلىپ ، سۇدا ئۈزۈپ يۈرۈپ بۇ يەرگە چىقىپ قالدىم .

ئۇلار مېنى ۋە غاردىن توپلىغان ماللىرىمنى قېيىققا سېلىپ چوڭ كېمىگە ئېلىپ باردى . مەن قېيىقتىكىلەرگە ئېيتقانلىرىمنى كېمە باشلىقىغا تەكرارلىدىم ۋە ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سوۋغا تەقدىم قىلماقچى بولدۇم . بىراق ، ئۇ قوبۇل قىلغىلى ئۇنىماي :

— بىز دېڭىزدا بالا - قازاغا ئۇچرىغان كىشىلەرنى كۆرسەك ، ياردەم قىلىپ قۇتقۇزۇۋالىمىز ، بۇنى پۇل تېپىش ئۈچۈن ئەمەس ، خۇدانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىمىز ، — دېدى .

شۇنداق قىلىپ ، مەن ئۇلار بىلەن دېڭىزدا يۈرۈپ كەتتىم ، ئاخىرىدا باغدادقا ئامان - ئېسەن يېتىپ كەلدىم .



هامال سىندىبات يەنە ئۈچ تىللاغا ئېرىشىپتۇ . ئۇ ئەتىسى كېلىپ ، دېڭىزچى سىندىباتنىڭ يېڭى هېكايىسىنى ئاڭلاپتۇ .

www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى

تۆتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرىمدە كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئەمما بۇلار مېنىڭ سەپەر ئىشتىياقىمنى سوۋۇتالمىدى. قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بەسرە شەھىرىگە بېرىپ بىر يېڭى كېمىنى سېتىۋالدىم. بىر كېمە باشلىقى ۋە بىرنەچچە دېڭىزچىنى ياللىۋېلىپ سەپەرگە ئاتلاندىم.

بىز بىر دېڭىزدىن بىر دېڭىزغا، بىر ئارالدىن يەنە بىر ئارالغا ئۆتۈپ يول يۈردۇق. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇرۇق بىر ئارالغا يولۇقتۇق. بۇ يەردە ئادەم يوق ئىكەن. ئارالدىكى بىر ئاق گۈمبەز كۆزىمىزگە چېلىقتى. ئارالغا چىقتۇق. قارىسام، مەن ئىلگىرى چىقىپ قالغان يالغۇز ئارال شۇ ئىكەن. مەن بۇ ئاق گۈمبەزنىڭ نېمىلىكىنى بىلەتتىم. ئۇ مەن بۇرۇن كۆرگەن قۇش — رۇخنىڭ تۇخۇمى ئىدى. مەن ئۇنىڭ سىرىنى دەپ بولغۇچە، ھەمراھلىرىم قوللىرىغا تاش ئېلىپ ئۇنى چېقىشقا باشلىدى. تۇخۇمنىڭ ئىچىدىن خېلى چوڭ رۇخ چۈجىسى چىقتى.

— چاتاق ئىش قىلدىڭلار، رۇخ دېگەن قۇش كەلسە، كۆرگۈلۈكىمىزنى كۆرستىدۇ! — دەپ خاپا بولدۇم. ئۇلار گېپىمگە قۇلاق سالمىدى، رۇخ چۈجىسىنى كاۋاپ قىلىپ يېيىشتى. بىردىنلا ھاۋانى قارا بۇلۇت قاپلىغاندەك بولدى. بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ قارىساق، رۇخ دېگەن قۇش ئىكەن. ئۇ تۇخۇمىنىڭ چېقىلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن قاتتىق بىر چىرقىراپ جۈپتىنى چاقىردى.

ئىككى قۇش چىرقىرىشىۋىدى، ئاسماندا گويا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، جىمىكى ئالەم قاراسلاپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى. بىز كېمىگە قاراپ يۈگۈردۇق. كېمىچىلەر يەلكەنلەرنى يېيىپ، كېمىنى قوزغاتتى. لېكىن، كېمە ئانچە يىراقلىماي تۇرۇپ، بىرىدىن چوڭ تاشنى قاماللىۋالغان بىر جۈپ رۇخ ئۇچۇپ كەلدى. ئۇلار كېمىنى چەنلەپ تاشلارنى تاشلىدى. كېمە پاچاق - پاچاق بولۇپ، ئادەملەر بىلەن قوشۇلۇپ سۇغا غەرق بولدى. مەن بىر پارچە تاختايغا ئېسىلىۋالدىم ۋە يېقىن بىر ئارالغا ئۈزۈپ باردىم.



قىرغاقتا بىردەم يېتىپ ئارام ئالدىم، ئاندىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئارالنى ئايلاندىم. بۇ ئارال بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن، دەرەخلىرى باراقسان، سۈيى سۈزۈك، مېۋىلىرى مەي باغلاپ پىشقان بولۇپ، خىلمۇخىل قۇشلار سايراپ تۇرىدىكەن.

مەن بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا باردىم. بۇلاق بېشىدا كۆرۈنۈشى غەلىتە بىر بوۋاي ئولتۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭغا سالام بەردىم. ئەمما، ئۇ گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا «مېنى كۆتۈرۈپ ئورمانلىققا ئېلىپ بار» دېگەندەك قىلىپ ئىشارەت قىلدى. مەن ئۇنى ئۆشنەمگە ئېلىپ، كۆرسەتكەن جايىغا ئېلىپ بېرىپ:

— بوۋا، ئاۋايلاپ چۈشۈڭ! — دېدىم. بوۋاي يەلكەمدىن چۈشۈش ئۈياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئىككى پاچىقى بىلەن بوينۇمغا چىرماق سېلىپ مەھكەم سىقتى. مەن ئۇنى يەلكەمدىن تاشلىۋەتمەكچى بولدۇم، لېكىن ئۇ بوينۇمنى قاتتىق سىققىلى تۇرىۋىدى، دەم ئالالماي قالدىم، كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ، بېشىم ئايلاندى، پۇت - قولۇمدا ماجال قالماي يىقىلىپ چۈشتۇم. ئۇ تېپىچەكلەپ مەيدەمگە ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن تىرمىشىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنى مېۋىلىك دەرەخلەر ئارىسىغا ئېلىپ باردىم. ئۇ مېۋىلەرنى يېيىشكە باشلىدى. سەللا بوشىشىپ قالسام، تېپەتتى، ئۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنى كېچە - كۈندۈز كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە، نەگە بارىمەن دېسە، شۇ يەرگە ئاپىرىشقا مەجبۇر بولدۇم.

بىر كۈنى، بىز ئۈزۈمزارلىققا باردۇق. مەن بىر قاپاقنى تەييارلاپ، ئۇنىڭغا لىققىدە ئۈزۈم قاچىلىدىم، ئاندىن ئۇنى ئاپتاپ چۈشىدىغان يەرگە قويۇپ قويدۇم. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قاپاقتىكى ئۈزۈم قايناپ مۇسەللەسكە ئايلاندى. بوۋاي مۇسەللەسنى ئىچىپ مەست بولدى ۋە ئۆشنەمدىن يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. مەن ئۇنى نەچچىنى تەپتىمدە، قېچىپ كەتتىم.



شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئەركىمگە ئىگە بولدۇم، دائىم قىرغاقتىن دېڭىزغا قاراپ تەلمۈردۈم. بىر كۈنى دېڭىزدا بىر كېمە پەيدا بولدى. ئۇ قىرغاققا يېقىنلىشىپ توختىدى. مەن كېمىگە قاراپ يۈگۈردۈم. كېمىدىكىلەرگە بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدىم. ئۇلار ماڭا ئىچ ئاغرىتىشتى، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك بەردى. مېنى كېمىسىگە ئېلىۋالدى.

بىرنەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن، «مايمۇنلار شەھىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەرگە يېتىپ باردۇق.

سەپەرداشلىرىم ئۆي - ئۆيلىرىگە كېتىپ قېلىشتى. مەن يالغۇز قېلىپ دېڭىز بويىدا ئولتۇرسام، بىر ئادەم كەلدى.

— بۇ شەھەرگە مۇساپىر ئوخشىمامسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ. مەن بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ ماڭا بىر تاغارنى تەڭلەپ:

— ئەتە بۇ تاغارنى ئېلىپ، ئادەملەر بىلەن تاش تەرگىن، ئۇلار نېمە قىلسا، سەنمۇ شۇنى قىلىپ ئۆگىنىۋالغىن. شۇنداق قىلساڭ، ئۆيۈڭگە يېتىۋالغۇدەك خىراجەت تاپالايسەن! — دېدى.

شۇ كېچىنى ئۇنىڭ كېمىسىدە ئۆتكۈزدۈم. ئەتىسى ئۇ مېنى باشلاپ شەھەر سىرتىغا ئېلىپ چىقتى. بۇ يەردە بىرمۇنچە كىشىلەر تاش تېرىۋاتقانىكەن، ئىككىمىزمۇ بىر تاغاردىن تاش تەردۇق. ئاندىن بىز بىر تاغ جىلغىسىغا باردۇق. بۇ يەردە ئادەم چىققىلى بولمايدىغان ئېگىز ۋە قوچاق يەتكۈسىز كوكۇس دەرەخلىرى بار ئىكەن. سان - ساناقسىز مايمۇنلار بىزنى كۆرۈش بىلەن دەرەخلەرگە يامىشىپ چىقىۋالدى. ھەمراھلىرىم ئېلىپ كەلگەن تاشلارنى مايمۇنلارغا ئېتىشقا باشلىدى، مايمۇنلارمۇ كوكۇسلارنى ئۈزۈپ بىزگە قارىتىپ ئاتتى.



مەن باشقىلار نېمە قىلسا، شۇنى قىلدىم. تاغاردىكى تاشلىرىم تۈگىمەي تۇرۇپ، ئەتراپىمغا بىرمۇنچە كوكۇسلار دۈۋىلىنىپ كەتتى. مەن ئۇلارنى تاغارغا لىق قاچىلىدىم.

— بۇلاردىن ساتالىغىنىڭنى سات، قېپقالغانلىرىنى يىغىۋەر، — دېدى تونۇشۇم.



شۇنداق قىلىپ، مەن ھەر كۈنى كوكۇس تەردىم، ناچارلىرىنى سىتىپ، ياخ-شىلىرىنى يىغدىم، كۈن ئۆتكەنسىرى يىغقانلىرىم بىر دۆۋە بولدى، پۇلۇممۇ خىلى كۆپەيدى. پۇلنىڭ بىر قىسمىغا كۆڭلۈمگە ياققان ماللارنى ئالدىم.

بىر كۈنى دېڭىز ياقى-سىغا كەلسەم، مايمۇنلار شەھىرىگە بىر سودا كېمى-سى كەلدى. سودىگەر-لەر ماللىرىنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ ئېلىم - سېتىم قىلماقچى بولۇشۇۋاتقانىكەن. كېمە باشلىقى بىلەن سۆزلەشسەم، قايتاشىدا مېنى ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. مەن دەرھال ھېلىقى تونۇشۇم-نىڭ قېشىغا باردىم، رەھمەت ئېيتىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، يىغقان كوكۇسلىرىمنى قاچىلاپ، دېڭىز بويىدا سودىگەرلەرنى ساقلاپ تۇردۇم. ئۇلار سودىسىنى پۈتتۈرۈپ كەچكە يېقىن كېلىشتى. بىز يەنە سەپەرگە ئاتلاندۇق.

بىز يول بويى ئۇچرىغان شەھەرلەردە توختاپ ئېلىپ - سېتىم، زىيارەت قىلىپ ماڭدۇق. كوكۇسلىرىم نۇرغۇن پۇلغا يارىدى. بىر ئارالدىن پىلپىل، قوۋزاق دارچىن دېگەن دورا - دەرمەكلەرنى سېتىۋالدىم. مارجان دېڭىزىغا بارغاندا، مەن بېلىقچىلارغا ھەق بېرىپ دېڭىز ئاستىدىن مارجان، مەرۋايىت سۈزدۈردۈم. تاپقان پايدام بۇرۇن تارتقان زىيانلىرىمنى تولۇقلىغاندىن باشقا، بۇرۇنقى سەرمايەمدىن ئېشىپ كەتتى.

ئاخىر باغدادقا ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلدىم. ئۇرۇق - تۇغقان، دوست- بۇرادەرلىرىم بىلەن خۇشال - خۇرام كۆرۈشتۈم.

دېڭىزچى سىندىبات ھېكايىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئادىتى بويىچە مېھمانلارغا تاماق تارتىپتۇ. ھامىال سىندىباتقا ئۈچ تىللا بېرىپ، ئەتىسى يەنە كېلىشنى جېكىلەپتۇ. مېھمانلار ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ تارقاپتۇ ۋە ئەتىسى دېڭىزچى سىندىباتنىڭ سارىيىغا يىغىلىپتۇ. تاماقتىن كېيىن، دې-ڭىزچى سىندىبات ئۆزىنىڭ ئالتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى توغرىسىدى-كى ھېكايىسىنى باشلاپتۇ.

## ئالتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى

ئاغىنىلەر ، مايمۇنلار شەھىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، مەن ئىنتا-يىن بەختلىك ، باياشات ياشىدىم . لېكىن ، ئۇزاق ئۆتمەي مەن يەنە دېڭىز سەپىرىگە ئاتلاندىم .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە دېڭىزدا خۇشال كېتىۋاتاتتۇق . تۇيۇقسىز كەلگەن بوران يەلكەننى يىرتتى ، كېمە رولىنى سۇندۇردى ، بىر چاغدا كېمە يوغان بىر تاشقا ئۇرۇلۇپ كۇمپەيكۇم بولدى . مەن ئىككى ھەمراھىم بىلەن بىللە خادا تاشقا چىقىۋېلىپ ، بوران پەسەيگەندىن كېيىن بىر دېڭىز ساھىلىغا يېتىۋالدۇق .

بۇ يەردە نۇرغۇن كېمىلەرنىڭ قالدۇقلىرى بار ئىدى . ئۇلارنىڭ ئارىسى-دىن ناھايىتى كۆپ مەرۋايىت - ياقۇتلارنى يىغىۋالدۇق . لېكىن ، بۇ يەردە يېگۈدەك ھېچنەرسە تېپىلمايتتى . بىز جان قايغۇسىدا ئەندىشىگە چۈشتۇق ، ئەمما ئامال تېپىلمىدى . ھەمراھلىرىم بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆلۈپ ، ئاخىر ئارالدا ئۆزۈم تەنھا قالدىم .

ئارالدا بىر دەريا بار ئىدى . مەن دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ قايغۇلۇق خىيالغا پاتتىم . ھەۋەسىنىڭ كەينىگە كىرىپ يۇرت - ماكانىمدىن ئايرىلىپ ، يىراق يەرلەردا تارتقان كۈلپەتلىرىمنى ئويلاپ ، ئۆزۈمگە ئۆزۈم كايىدىم . لېكىن ، ئاچلىقتىن پۇشايمان قىلىپ يېتىۋەرسەم ماڭا نىجاتلىق نەدىن كېلىدۇ ؟





مەن ئاخىر: «دەريانىڭ باشلىنىدىغان يېرى بولسا، ئەلۋەتتە ئاخىرلىشىدىغان جايىمۇ بولىدۇ. سال ياساپ دەريادا ئېقىپ باقاي، نىجاتلىق يولى تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلىدىم. دەلدەرەخ شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ كېلىپ، پاچاقلانغان كېمىلەرنىڭ ئارغامچىلىرىنى تېپىپ، پۇختا سال ياسىدىم. يىغقان ئۈنچە - مەرۋايىت، ياقۇت، قاشتېشى دېگەندەك قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى پاتقۇچە قاچىلىدىم. ئاندىن تەۋەككۇل قىلىپ، سالنى دەريانىڭ ئېقىشىغا قويۇپ بەردىم.

سال تار - كەڭ جايلاردىن، غارلاردىن ئۆتۈپ نەچچە كېچە - كۈندۈز ئاقتى. ئاچلىقتىن، چارچىغانلىقتىن ئاخىر ھوشۇمدىن كەتتىم. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام، يورۇق ئالەمدە، پايانسىز زېمىندا يېتىپتىمەن، سال دەريا قىرغىقىدا تۇرۇپتۇ. ئەتراپىمنى بىرمۇنچە ئەر كىشىلەر ئورىۋاپتۇ. ئۇلار كۆزۈمنى ئاچقىنىمنى كۆرۈپ، ماڭا گەپ قىلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمىدىم. بىرەيلەن ئەرەب تىلىدا:

— قەيەردىن كېلىۋاتىسەن؟ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىن مۇشۇ كۈنگىچە بىرەر ئادەم ئۆتۈپ باقمىغان، تاغنىڭ كەينى قانداق يەر؟ — دەپ سورىدى، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ يەرلىك دېھقانلار ئىكەنلىكىنى، سالنى تۇتۇۋېلىپ قىرغاققا سۇزۇپ قويغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن ئۇلاردىن يەيدىغان نەرسە بېرىشىنى سورىدىم. قورسىقىم تويغاندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا مادارىمغا كەلدىم ۋە ئۇلارغا ئۆزۈم دۇچ كەلگەن ئەھۋالنى، چەككەن جاپا - مۇشەققەتلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم.





دېھقانلار ھېكايەمنى ئاڭلاپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشتى، ئارقىدىن يوك - تاقلىرىمنى كۆتۈرۈشۈپ ئۆزلىرىنىڭ شەھىرىگە ئېلىپ بېرىشتى ۋە ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىرىشتى.

پادىشاھ مېنى ئوچۇق چىراي كۈتۈۋالدى. مەن ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىمنى باشتىن - ئاخىر سۆزلەپ چىقتىم. پادىشاھ ناھايىتى ھەيران بولدى، مېنىڭ خەتەردىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلغىنىمنى مۇبارەكلىدى. مەن سالدا ئېلىپ كەلگەن قىممەت باھالىق گۆھەرلەرنى پادىشاھقا ھەدىيە قىلدىم. پادىشاھ ئۇلارنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە مېنى ئوردىدا خاس ئەلپەتلىرىدىن بىرى قىلىپ ئېلىپ قالدى.

پادىشاھ ھۇزۇرىدا ياخشى ياشىدىم. بىر كۈنى بۇ ئارالدىن بىرنەچچە سودىگەرنىڭ سەپەرگە چىقماقچى بولۇشۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، «مۇشۇ سودىگەرلەرگە ئەگىشىپ يۇرتۇمغا يېتىۋالاي» دەپ ئويلاپ، دەرھال پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىردىم ۋە مەقسىتىمنى ئېيتتىم.

پادىشاھ ماڭا ئىجازەت بەردى ۋە:

— باغدادنىڭ پادىشاھى خەلىپە ھارۇن رەشىدنى تولىمۇ دانا ۋە ئادىل ھۆكۈمدار، دەپ ئاڭلىغانمەن. ئۇزاقتىن بېرى، مەن دوستلۇق مېھرىمنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا سوۋغا - سالام ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمنى بىلدۈرەي دەپ ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتىم. قايتىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭغا ئەۋەتىدىغان سوۋغا - سالاملىرىمنى ئالغاچ كېتەرسەن، — دېدى.

مەن پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتىم. مەن چۈشكەن كېمە دېڭىزدىن دېڭىزغا، يۇرتتىن يۇرتقا ئۆتۈپ، ناھايىتى ئۇزۇن يول يۈردى. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئاخىر باغداد شەھىرىگە يېتىپ كەلدىم. ئالدى بىلەن خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، پادىشاھ-نىڭ سوۋغا - سالاملىرىنى تاپشۇردۇم ۋە ئۆزۈمنىڭ ھەدىيىسىنى تەقدىم قىلدىم. كېيىن مەن يەنە بۇرۇنقى تىنچ تۇرمۇشۇمنى تېپىۋېلىپ، بېشىمدىن ئۆتكەن دەھشەتلىك بالا - قازالارنى ئۇنتۇدۇم.



دېڭىزچى سىندباد سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلەپ بولۇپ، ھامال سىند-بادقا ئۈچ تىللا بېرىپ:

— ئەمدى ئۆيۈڭگە قايتساڭ بولىدۇ، يەتتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپە-رىمنىڭ ھېكايىسىنى ئەتە ئاڭلايسەن، — دەپتۇ. ئەتىسى ھامال سىندباد كەپتۇ، دېڭىزچى سىندباد يەنە ھېكايىسىنى باشلاپتۇ.

## يەتتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى

كۈنلەر ئۆتۈپ يەنە سەپەر قىلىش ئارزۇسى كاللامغا كىرىۋالدى. سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ بەسرە شەھىرىگە بارسام، بىر كېمە مېڭىش ئالدىدا تۇرغانىكەن، ئۇنىڭغا كىرا قىلىپ يولغا چىقتىم.

بىر شەھەرگە يېقىنلاشقىنىمىزدا، تۇيۇقسىز بوران كۆتۈرۈلۈپ، قارا يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك دەھشەتلىك ئاۋاز كۆتۈرۈلدى. ئالدىمىزدا تاغدەك ئۈچ كىت پەيدا بولدى. ئۇلار ئېغىزىنى غاردەك ئاچقىنىچە كېمىمىزنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، بىزگە خىرىس قىلىشتى. بۇنى كۆرۈپ زار - زار يىغلىشىپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇردۇق.



تۇيۇقسىز بوران شىددەت بىلەن گۈر-
كىرەپ، كېمە دېڭىز ئاستىدىكى بىر خادا
تاشقا ئۇرۇلدى - دە، پاچاق - پاچاق بولۇپ
كەتتى، ئادەم ۋە ماللار سۇغا غەرق بولدى.
مەن دەرھال كېمىنى شېلىۋېتىپ
دولقۇنغا قارشى ئۈزدۈم. بىردەمدىن كېيىن
كېمىنىڭ بىر تال سۇنۇق تاختىسىغا ئېسى-
لىۋالدىم.
مەن دېڭىزدا ئىككى كېچە - كۈندۈز
لەيلەپ يۈرۈپ، ئۈچىنچى كۈنى بىر قىر-
غاققا بېرىپ قالدىم. ئۆملەپ چىقىپ قا-
رىسام، چوڭ ئارال ئىكەن. ياۋا مېۋىلەردىن
يەپ قورساق تويغۇزۇپ، تاتلىق سۇ ئى-
چىپ ئۇسسۇزلۇقۇم قانغاندىن كېيىن، تې-
نىمگە قايتا جان كىرگەندەك بولدى.
يېقىنلا يەردە خېلى ئۇلۇغ سۈيى بار
بىر دەريانى كۆرۈپ قالدىم. ئۆتكەن قې-
تىمقى سەپىرىمدە ياسىۋالغان سالنى يادىم-
غا ئېلىپ، بۇ قېتىممۇ شۇنداق قىلىپ باق-
ماقچى بولدۇم. ئەتراپتىكى بادىرا - شاخ-
لارنى يىغىپ، ئۆلارنىڭ قوۋزاق ۋە دەرەخ
تالىلىرىدىن ئارغامچا ئېشىپ كىچىكرەك
بىر سال ياسىدىم. ئاندىن سالنى سۇغا چۈ-
شۈرۈپ ھەيدەپ كەتتىم.
شۇ تەرىقىدە ئۈچ كۈن ئۈزدۈم، ئاخىر
بىر تاغنىڭ تۈۋىگە يېتىپ باردىم. دەريا
ئېقىنى مۇشۇ تاغنىڭ ئاستىدىكى چوڭ
ھاڭنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدىكەن. مەن
ئەس - ھوشۇمنى يىغىپ بولغۇچە، سال
ھاڭنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى.
ئانچە ئۇزاق ئاقمايلا غارنىڭ ئىچىدىن
يورۇق دالىغا چىقىپ قالدىم. ئاۋازى گۈل-
دۈرماممىدەك ئالەمنى بىر ئالغان شارقىراتما
مېنى سالدىن ئىرغىتىپ تاشلىغىلى تاس -
تاس قالدى. مەن سالنى تاڭغان ئارغامچى-
لارغا چىڭ چاپلىشىۋالدىم.



ئاقا - ئاقا ، بىر چاغدا بىر شەھەرگە بېرىپ قالدىم . دەريا بويىدىكى كىشىلەر مېنى قىرغاققا تارتىپ چىقىرىشتى . ئاچلىق ، قورقۇش ئازابىدىن بىر تىنىقتا قالغاندەك بولۇپ قالغانىدىم . مېنى ئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى .

ئۈچ كۈندىن كېيىن سالامەتلىكىم ئەسلىگە كەلدى . شۇ چاغدا ساھىبخان بوۋاي :

— سەن ئولتۇرۇپ كەلگەن سالنىڭ ياغاچلىرى ۋە ئۈستىدىكى شاخلارنىڭ ھەممىسى سەندەل ياغىچى ئىكەن ، شۇلارنى ساتقۇڭ بارمۇ ؟ — دېدى .

مەن ئەلۋەتتە ماقۇل بولىمەن - دە ! بىز بازارغا باردۇق . سال ۋە شاخلار بىر يەرگە دۆۋىلەپ قويۇلۇپتۇ . بېرىشىمىزغا ، خېرىدارلار ئولىشىپ باھا قويۇشقا باشلىدى . بۇ يەردە سەندەل ياغىچى بەك ئەتىۋار ئىكەن ، بۇلار مىڭ تىللاغا يارىدى .

بوۋاينىڭ چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن . ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ ، قىزىنى مېنىڭ ئۆمۈرلۈك جۈپتۈم قىلىپ قويغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى . شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ قالدىم . ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ، قېيناتام ۋاپات بولدى . ئۇنى دەپنە قىلىپ يەرلىكىدە قويدۇم ، ئۇنىڭ ھەممە مال - مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلدىم .

بەختلىك ياشاۋاتاتتىم ، بىراق بىر ئىش مېنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى . ھەر ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى ، بۇ يەردىكى بەزى ئەرلەرگە شەپەرەڭنىڭكىدەك قانات چىقىدىكەن ، ئۇلار كۆككە قاراپ ئۇچۇپ كېتىپ ، ئەتىسى قايتىپ كېلىدىكەن . بىر قېتىم ، مەن شۇنداق بىر ئەر كىشىنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالدىم . ئۇ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ، بارغانسېرى ئېگىز ئۇچۇشقا باشلىدى .



— ئاھ خۇدا ، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن ! — دەپ توۋلىۋەتتىم مەن .

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قاناتلىق ئەر :

— ئەبلەخ ، ئۇچۇۋاتقان چاغدىمۇ خۇدانىڭ نامىنى تىلغا ئالامسەن ؟ — دەپ تىللاپ كەتتى .

— مېنى كەچۈر ، مېنى شەھەرگە ئاپىرىپ قوي ، — دېدىم مەن .

ئۇ ئادەم ماقۇل بولدى . ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئائىلەم بۇ ئادەملەر شەيتاننىڭ مۇخلىسلىرى ئىكەنلىكىنى ، شۇڭا خۇدانىڭ نامىنى تىلغا ئالغانلارنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

— دادام مېنىڭ ئاشۇلارنىڭ ئايالى بولۇپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ ساڭا ياتلىق قىلغان . دادام ۋاپات بولدى ، بۇ شەھەردە تارتىشىدىغان ھېچ نەرسەم قالمىدى . بىز باغدادقا كەتسەك بوپتىكەن ، — دېدى ئائىلەم يەنە .

ئائىلەمنىڭ بۇ مەسلىھەتى ماڭا ياقتى . مەن قېيناتامدىن مىراس قالغان مال - مۈلۈكلەرنى ساتتىم ۋە بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئائىلەمنى ئېلىپ باغدادقا قايتىپ كەلدىم . ئۇرۇق - تۇغقان ، دوست - بۇرادەرلىرىم بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇم . ئۇلار مېنىڭ يەتتە قېتىم دېڭىز سەپىرىگە چىقىپ تاكى كەلگەن كۈنگىچە يىگىرمە يەتتە يىل بولغانلىقىنى ئېيتىشتى . مەن قايتا سەپەرگە چىقمايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قەسەم قىلدىم .

دېڭىزچى سىندباد يەتتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرىنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ تۈگەتكەندىن كېيىن ، ھامبال سىندبادقا قاراپ :

— بېشىمدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى ، بالا - قازا ، خەۋپ - خەتەرلەرنى ساڭا سۆزلەپ بەردىم ، ئەمدى ئەھۋالىمنى ئېنىق چۈشەنگەنسەن ؟ باشقا كۈن چۈشكەندە ھەرگىز بوشاشمىغۇلۇق . مەندە ئەيىب - نۇقسان ئۆتكەن بولسا ، كەچۈرگىن ، — دەپتۇ .

— مېنىمۇ ئەيىبكە بۇيرۇمىغىن ، — دەپتۇ ھامبال سىندباد ، — سېنى خاتا چۈشىنىپ قاپتىمەن !

دېڭىزچى سىندباد ئۇنى قېرىنداشلارچە مېھىر بىلەن قۇچاقلاپتۇ . شۇنىڭدىن تارتىپ ، ئىككى سىندباد ئاكا - ئۇكا بولۇشۇپ بىللە ياشاشقا باشلاپتۇ .



# قىزىل پوسما

فرانسىيە چۆچىكى (ئەسلى ئەسەر: بېللونىڭ)

بۇرۇنىسىدا، ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدە بىر ئۆي بار ئىكەن. بۇ ئۆيدە بىر قىزچاق ئانىسى بىلەن ياشايدىكەن. قىزچاق ئىنتايىن ئوماق ئىدىكەن، ئانىسى ئۇنىڭغا بەك كۆيىدىكەن، مومىسى ئۇنى جېنىدىن ئارتۇق كۆرىدىكەن. مومىسى بىر قىزىل پوسما بېرىپتىكەن، پوسما ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋېتىپتۇ. شۇڭا، ھەممە ئادەم ئۇنى «قىزىل پوسما» دەپ چاقىرىدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى ئانىسى تورت پىشۇرۇپ:

— قىزىم، موماڭ ئاغرىپ قاپتۇدەك، بۇ تورت ۋە بىر قاچا قايماقنى ئېلىپ ئۇنى يوقلاپ كەل، — دەپتۇ. مومىسى باشقا كەنتتە تۇرىدىكەن.

قىزىل پوسما دەرھال مومىسىنىڭكىگە مېڭىپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭ ئورمانلىقتا بىرەر خەتەرگە يولۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ:

— ئېسىڭدە بولسۇن، چوڭ يول بىلەن ماڭ، ئارىلىقتا ھەرگىز توختاپ قالما، — دەپ جېكىلەپتۇ.





قىزىل پوسما سەكرەپ - تاقلىغىنىچە يولغا چىقىپتۇ. بۈك - باراقسان ئورمانلىق، تۈرلۈك - تۈمەن قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى قىزىل پوسمىغا ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ، ئۇ ھەتتا ئانىسىنىڭ جىكىلىگەن سۆزلىرىنمۇ تامامەن ئۇنتۇپ كېتىپتۇ.

قىزىل پوسما ئورمانلىقنىڭ يېنىدىكى چوڭ يول بىلەن كېتىۋېتىپ، يول بويىدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆسكەن قىپقىزىل بۆلجۈرگەنلەرنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ خۇشاللىقىدا ئىختىيارسىز تovlۇۋېتىپتۇ:

— ئوھۇ، نېمىدېگەن چىرايلىق بۆلجۈرگەنلەر بۇ! ئۇلار چوقۇم بەك تاتلىق...

قىزىل پوسما سېۋىتىنى يەرگە قويۇپ قويۇپ، بۆلجۈرگەن تېرىشكە باشلاپتۇ. ئۇ بۆلجۈرگەن يېگەچ، بۆلجۈرگەن تېرىپ ئورمانلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىپتۇ.

شۇ چاغدا قاتتىق ئېچىرقاپ كەتكەن بىر بۆرە ئوزۇقلۇق ئىزدەپ شۇ ئەتراپتا قاتراپ يۈرگەنىكەن. ئۇ قىزىل پوسمىنىڭ يەردە تۇرغان سېۋىتىنى كۆرۈپ قېلىپ، كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە بىر شۇملۇقنى ئويلاپتۇ.

قىزىل پوسما بۆلجۈرگەننى تويغۇچە يەپتۇ، يەنە تېخى بىرمۇنچە بۆلجۈرگەن تېرىۋاپتۇ. بىر چاغدا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىسا، ئورمانلىقنىڭ ئىچىدە تۇرغۇدەك. ئۇنى ۋەھىمە بېسىپتۇ ۋە بىردىنلا ئانىسىنىڭ دېگەنلىرىنى ئېسىگە ئاپتۇ - دە، كەينىگە يېنىپ يۈگۈرگەن پېتى سېۋىتىنى قويغان يەرگە قايتىپ كەپتۇ.

قىزىل پوسما سېۋىتىنى ئېلىپ چوڭ يولغا چىقماقچى بوپتۇ. لېكىن، سېۋەتنى ئالىمەن دەپ تۇرۇشىغا، پىرىلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن چىرايلىق بىر كېپىنەكنى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى باسالماي كېپىنەكنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپتۇ.




www.uyghurkitap.com

قىزىل پوسما كېپىنەكنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپتۇ، يۈگۈرۈپتۇ، ئۇنى خېلى قوغلاپمۇ زادىلا تۇتۇۋالالماپتۇ. ئۇ كەينىگە يانماقچى بوپتۇ، ئەمما چىرايلىق ئېچىلىپ كەتكەن جۇخار گۈللىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئۈزۈشكە باشلاپتۇ.

— ئەجەب چىرايلىق گۈللەر ئىكەن، بىر دەستە گۈل ئۈزۈپ مومامغا ئالغاچ باراي، — دەپتۇ ئۇ.

قىزىل پوسما كېپىنەك قوغلاپ ئوينىغان، گۈل ئۈزگەن چاغلاردا بۆرە دەرەخلەرنىڭ كەينىدە ماراپ تۇرۇپتۇ.

دەل - دەرەخلەر تۇيۇقسىز شىلدىرلاپ كېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قىزىل پوسما قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چوڭ يولغا چىقىۋاپتۇ. ئۇ ئارقىدىن ئاڭلانغان بوغۇق ئاۋازنى ئاڭلىغاندا، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قاپتۇ.

— ئوماق قىزچاق، نەگە كېتىۋاتىسەن؟ ئورمانلىقنىڭ ئىچىدە ئۆزۈڭ يالغۇز يۈرۈپسەنغۇ؟

بۆرىنىڭ دەرەخنىڭ كەينىدىن ئېتىلىپ چىققان پېتى قىزىل پوسمىنى بىرلا يالماپ يەۋەتكۈسى كەپتۇ، بىراق بۇنداق قىلىشقا پېتىنالماپتۇ. چۈنكى، ئورمانلىقتا بىرمۇنچە ياغاچ كەسكۈچىلەر بار ئىكەن.



— مومامنىڭكىگە كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ قىزىل پوسما، — مومام ئاغرىپ قاپتۇدەك، ئۇنىڭغا تورت ۋە قايماق ئاپىرىپ بەرمەكچىمەن.

— موماڭنىڭ ئۆيى يىراقمۇ؟

— ۋاي، بەك يىراق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىزىل پوسما، — قارا، ئاۋۇ تۆگمەننىڭ كەينىدە بىر كەنت بار، كەنت چېتىدىكى بىرىنچى ئۆي مومامنىڭ.

— ياخشى، — دەپتۇ بۆرە، — مېنىڭمۇ ئۇنى يوقلاپ قويغۇم بار. مەن بۇ يول بىلەن ماڭاي، سەن ئاۋۇ يول بىلەن ماڭ، قايسىمىز بۇرۇن يېتىپ بارىمىزكىن.

بۆرە: «بۈگۈن ماڭا راستتىنلا ئامەت كەپتۇ، ئاۋۋال






بېرىپ بۇ قىزنىڭ مومىسىنى يەپ تۇراي، كېيىن قىزچاق مومىسىنىڭكىگە يېتىپ بارغاندا ئۇنىمۇ...» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ ـ دە، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي بۆرە مومايىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى ئۇرۇشقا باشلاپتۇ: «تاق! تاق! تاق!»

— كىم؟ — دەپ سوراپتۇ موماي.

— مەن، نەۋرىڭىز قىزىل پوسما، — دەپتۇ بۆرە ئاۋازىنى قىزىل پوسمىنىڭكىدەك چىقىرىشقا تىرىشىپ، — ئاپام مېنى سىزگە تورت ۋە قايماق ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتتى.

موماي ئاغرىپ كارىۋاتتا ياتقانىكەن. ئۇنىڭ قىزىل پوسمىنىڭ كېلىشىدىن خەۋىرى بار ئىكەن، شۇڭا:

— مەن ئالدىڭغا چىقالمايمەن، قوزام. تاقاق ئۈستىدىكى شوينىنى تارتساڭ، تاقاق چۈشىدۇ، — دەپتۇ.

بۆرە شوينىنى بىر تارتقانىكەن، ئىشىك ئېچىلىپتۇ. ۋەھشىي بۆرە ئۆيگە ئېتىلىپ كىرگىنىچە مومايىنى بىرلا يالماپ يەۋېتىپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ بىر نەرسە يېمىگىنىگە ئۈچ كۈن بولغانىكەن.

بۆرە ئىشىكنى تاقاپتۇ ۋە مومايىنىڭ ياغلىقىنى بېشىغا چىگىپ، كۆزەينەكنى تاقاپ، كارىۋاتقا چىقىپ يېتىپتۇ - دە، قىزىل پوسمىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈشكە باشلاپتۇ.

بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قىزىل پوسما كېلىپ ئىشىكنى چېكىپتۇ: «تاق! تاق! تاق!»

— كىم؟

قىزىل پوسما بۆرىنىڭ بوم ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەسلەپتە سەل قورقۇپتۇ، كېيىن مومىسىنى زۇكام بولۇپ ئاۋازى خىرقىراپ قالغاندۇ دەپ ئويلاپ:

— مەن، نەۋرىڭىز قىزىل پوسما. ئاپام مېنى سىزگە تورت ۋە قايماق ئاپىرىپ بېرىكە ئەۋەتتى، — دەپتۇ.

بۆرە ئاۋازىنى مۇلايىمراق چىقىرىشقا تىرىشىپ توۋلاپتۇ:

— تاقاقنىڭ شوينىسىنى تارتساڭ، تاقاق چۈشىدۇ!

قىزىل پوسما شوينىنى بىرلا تارتقانىكەن، ئىشىك ئېچىلىپتۇ. بۆرە قىزىل پوسمىنىڭ ئۆيگە كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، يوتقانىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ سۆزلەپتۇ:

— قوزام، تورت بىلەن قايماقنى بولكا ساندۇقىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇپ، بىردەم يېنىمدا ياتقىن!

قىزچاق كارىۋاتقا چىقىپتۇ ۋە ھەيران بولغان ھالدا سوراپتۇ:

— موما، قوللىرىڭىز نېمانچە ئۇزۇن؟

— قولۇم ئۇزۇن بولسا سېنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىيالايمەن - دە، نەۋرەم!

— موما، قۇلىقىڭىز نېمانچە يوغان؟

— قۇلىقىم يوغان بولسا سېنىڭ سۆزلىرىڭنى تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىيالايمەن - دە، قوزام!





— موما، كۆزلىرىڭىز نېمانچە يوغان؟

— كۆزلىرىم يوغان بولسا سېنى تېخىمۇ روشەن كۆرەلەيمەن-دە، بالام!

بۆرىنىڭ تاقىتى تاق بوپتۇ، ئەمما ئۆزىنى بېسىۋېلىپ قىزىل پوسمىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپتۇ.

— موما، چىشلىرىڭىز نېمانچە ئۇزۇن!

بۆرە ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماپتۇ.

— چىشىمنىڭ ئۇزۇن بولۇشى سېنى يەۋېتىش ئۈچۈن!

ۋەھشىي بۆرە شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپلا قىزىل پوسمىنىمۇ بىر يالماپ يۇتۇۋېتىپتۇ.

قورسىقى تويغان بۆرە كارىۋاتتا يېتىپ خورۇلداپ ئۇخلاشقا باشلاپتۇ.

بۇ چاغدا ئورمانلىقتىن بىر ئوۋچى چىقىپتۇ. ئۇ قىزىل پوسمىنىڭ مومىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىردەم ئارام ئېلىۋېلىشنى ئويلىغانىكەن. ئۇ ئۆينىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۆي ئىچىدىن چىقىۋاتقان غەلىتە خورۇلداشنى ئاڭلاپ سەگەكلىشىپتۇ-دە، دېرىزىدىن ماراپ قاراپتۇ. ئۇ قورسىقى توم-پايغان بىر بۆرىنىڭ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ئوۋچى تىئۋىش چىقارماي دېرىزىنى ئېچىپ، مىلتىقىنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ، بۆرىنىڭ كاللىسىنى چەنلەپ ئىككى پاي ئوق ئېتىپتۇ! بۆرىنىڭ كاللىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كېتىپتۇ.

«ئاخىر ئۆلتۈردۈم سېنى! — دەپ ئويلاپتۇ ئوۋچى خۇشال بولۇپ، — ئەمدى پۇقرالارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بولدۇڭ!»

ئوۋچى بۆرىنىڭ تېرىسىنى سويۇۋالماقچى بولۇپ قورسىقىنى يېرىپتۇ، يېرىپتۇيۇ، قاتتىق چۆچۈپ كەتكىنىدىن ئىختىيارسىز «ۋاي!» دەپ توۋلاپ ئارقىغا داجىپتۇ. ئىشەنسىڭىز - ئىشەنمىسىڭىز ئىختىيار ئۆزىڭىزدە! قىزىل پوسما بىلەن ئۇنىڭ مومىسى بۆرىنىڭ قورسىقىدىن تىرىك پېتى چىقىپتۇ، ئۇلار ئازراقمۇ زەخىملەنمىگەنىكەن.

باياتىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار موماي بىلەن قىزىل پوسمىغا قاباھەتلىك چۇشتەك بىلىنىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن يېتىپ كەلگەن ئانا قىزىنىڭ ئامان-ئېسەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ.

— رەھمەت سىزگە، رەھمەت سىزگە!...

قىزىل پوسما بىلەن ئانىسى ئوۋچىغا يېنىش - يېنىش رەھمەت ئېيتىپتۇ، ئاندىن موماي بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. يولدا كېتىۋاتقاندا، قىزىل پوسما ئانىسىغا:

— مېنى كەچۈرگىن، ئاپا، مەن خاتا قىلدىم. بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ گېپىڭنى ئېسىمدە چىڭ ساقلايمەن. چوڭ يول بىلەن ماڭىمەن، ھەرگىز ئۇ يەر - بۇ يەردە توختاپ يۈرمەيمەن، — دەپتۇ.



# چاقماق قۇتىسى

دانىيە چۆچىكى (ئەسلي ئەسەر: ئاندېرسوننىڭ)

نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى، بىر باتۇر ئەسكەر بىر قانچە جەڭگە قاتنىشىپ، بىر كۈنى ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ ئۇرۇشتا كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۆيىگە قايتقان چاغدا قىلىچتىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىكەن.

ئەسكەر بىر ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتۈۋاتقاندا تولىمۇ سەت بىر مومايغا ئۇچراپتۇ. ئۇنىڭ كالپۇكى ساڭگىلاپ مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىكەن. بۇ بىر جادۇگەر ئىكەن.

— ئەي ئەسكەر، — دەپتۇ موماي، — مەن سېنىڭ ياردىمىڭگە موھتاج بولۇپ قالدىم. ماڭا ياردەم بەرسەڭ، قانچە پۇل ئالغۇڭ بولسا، شۇنچە پۇلغا ئېرىشەلەيسەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەسكەر خۇشاللىق بىلەن:

— سىزگە ياردەم قىلىشقا تەييارمەن، موما! — دەپتۇ.

— ئاۋۇ دەرەخنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپتۇ موماي ئالدىدىكى بىر تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىپ، — ئۇنىڭ ئىچى كاۋاك، ئۈستىگە چىقىپ قارايدىغان بولساڭ بىر تۆشۈكنى كۆرىسەن. شۇ يەردىن كىرسەڭ دەرەخنىڭ غولىغا بارىسەن. مەن بېلىڭگە ئارغامچا باغلاپ قويىمەن، سەن توۋلىغاندا تارتىپ چىقىرىۋالىمەن.

— ئۇ دەرەخنىڭ ئىچىگە كىرىپ نېمە قىلىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئەسكەر.

— پۇل ئالىسەن، — دەپتۇ موماي، — دەرەخنىڭ ئىچىگە كىرىپ بىر كەڭ كارىدورنى كۆرىسەن، ئۇ يەر بەكمۇ يورۇق، نۇرغۇن چىراغلار بار.





ئۇ يەردە ئۈچ ئىشىك بار، ئاچقۇچلىرى قۇلۇپلىرىدا. بىرىنچى ئۆيگە كىرسەڭ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان بىر يوغان ساندۇقنى كۆرىسەن. ساندۇقنىڭ ئۈستىدە بىر ئىت ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى پىيالىدەك چوڭ. ساندۇقتا مىس تەڭگىلەر بار. ئىككىنچى ئىشىكتىن كىرسەڭ، ئۇ يەردىمۇ بىر ساندۇق بار. كۆزلىرى تۈگمەن تېشىدەك بىر يوغان ئىت ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. بۇ ساندۇقتا كۈمۈش تەڭگىلەر قاچىلاقلىق. ئەگەر تىللا ئالماقچى بولساڭ، ئۈچىنچى ئىشىكتىن كىر. ئۇ يەردىكى ساندۇقتا تىللالار بار، ئۇنىڭ ساقلاپ ياتقان ئىتنىڭ كۆزى قەلئە مۇنارىدەك بار. ئۇنىڭدىن زادى قورقما. مەن ساڭا پەرتۇقۇمنى بېرىمەن، ئىتنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويساڭلا، ئۇ سېنى ھېچنېمە قىلمايدۇ. سەن تىللالارنى قانچىلىك ئالغۇڭ بولسا، شۇنچىلىك ئېلىۋەر، ماڭا بىر چاقماق قۇتىسىنى ئاچىقىپ بەرسەڭلا بولدى.

ئەسكەر ماقۇل بوپتۇ ۋە دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بىردەمدىلا تۆشۈك ئارقىلىق ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردە مومايىنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۈچ ئىشىكنى ۋە قورقۇنچلۇق ئۈچ ئىتنى كۆرۈپتۇ.

ئەسكەر مومايىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىپتۇ، نەتىجىدە نۇرغۇن تىللالارغا ئېرىشىپتۇ. ئۇ يەنە موماي دېگەن ھېلىقى كونا چاقماق قۇتىسىنىمۇ ئىزدەپ تېپىپتۇ.

ئەسكەر يۇقىرىغا قاراپ:

— موما، مېنى تارتىۋال! — دەپ توۋلاپتۇ.

موماي ئۇنى تارتىپ چىقىرىۋاپتۇ.

— بۇ چاقماق قۇتىسىنى نېمە قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئەسكەر.

— بۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، — دەپتۇ موماي ئاچچىقلاپ، — سەن پۇلغا ئېرىشتىڭ، چاقماقنى ماڭا بېرىۋەتسەڭلا بولىدى.

— نېمە قىلىدىغىنىڭنى دەپ بەرمىسەڭ، ئۇنى بەرمەيمەن، — دەپتۇ ئەسكەر.

موماي ئەسەبىيلىك بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ ئەسكەردىن چاقماق قۇتىسىنى تارتىۋالماقچى بوپتۇ. ئەسكەر قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ، ئاندىن ھەممە تىللالارنى مومايىنىڭ پەرتۇقىغا چىگىپ، چاقماق قۇتىسىنى يانچۇقىغا سېلىپ شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ.

ئەسكەر شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئەڭ ياخشى مېھمانسارايغا چۈشۈپتۇ، ئەڭ ياخشى تائاملارنى بۇيرۇتۇپتۇ. ئەتىسى بازارغا چىقىپ چىرايلىق ئۆتۈك، ئېسىل كىيىملەرنى سېتىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسكەر بىر كاتتا مۆتىۋەرگە ئايلىنىپتۇ.

ئۇنىڭ كۆڭلىرى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتىدىغان بوپتۇ. ئۇ ئويۇنلارغا بارىدىكەن، باغچىلارغا بېرىپ سەيلە قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر توپ بىكارتەلەتلەرمۇ پەيدا بوپتۇ. ئەسكەر ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى يەپ - ئىچىپ يۈرۈۋېرىپتۇ.

پۇلنى قالايمىقان خەجلەۋەرگەچكە، ئاخىرىدا ئۇ گاڭگسا - جىسا بولۇپ قاپتۇ. ياتاق ئىجارىسىنى تۆلىگۈدەك پۇلى قالمىغانلىقىنى سەزگەن ساراي خوجايىنى ئۇنى سارايدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاددىي بىر ئۆيدە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ، كىيىملىرىنى ئۆزى يۇيىدىغان، ئايىغىنىمۇ ئۆزى مايلايدىغان بوپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى «دوست»لىرى ئارقا - ئارقىدىن غايىب بولۇپ، ئۇ يەككە - يېگانە بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى كەچتە، ئۇ شام ئالىدىغانغا پۇلى يوق قاراڭغۇدا ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا چاقماق قۇتىسىنىڭ ئىچىدە دەرەخنىڭ كاۋىكىغا كىرىدىغان چاغدا موماي بەرگەن بىر تال شامنىڭ بارلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، قۇتا بىلەن شامنى ئاپتۇ. قۇتىنىڭ ئىچىدىن چاقماق تاشنى ئېلىپ سۈركىگەنىكەن، بىردىنلا



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئوت چاچراپتۇ ـ دە، ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ، دەرەخنىڭ ئىچىدە كۆرگەن، ھېلىقى پىيالە كۆز ئىت كىرىپتۇ.

— خوجايىن، قانداق تاپشۇرۇقىڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ ئىت.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپتۇ ئەسكەر ھەيران بولۇپ، — بۇ ئاجايىپ خىسلەتلىك چاقماق تاش ئىكەنغۇ. ئۆزۈمگە لازىملىق نەرسىگە ئېرىشسەم قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە! ماڭا ئازراق پۇل تېپىپ كەلگىن!

ئۇ شۇنداق دېگەنىكەن، ئىت بىردىنلا يوقاپ كېتىپ، بىردەمدىلا پەيدا بوپتۇ. ئاغزىدا بىر خالتا پۇل چىشلەكلىك تۇرغۇدەك.

ئەسكەر شۇندىلا چاقماق تاشنىڭ كارامىتىنى چۈشىنىۋاپتۇ. چاقماق تاشنى بىر قېتىم سۈركەپ قويسا مىس تەڭگىلەرنى بېقىپ ياتقان ئىت، ئىككى قېتىم سۈركىسە، كۈمۈش تەڭگىلەرنى بېقىپ ياتقان ئىت، ئۈچ قېتىم سۈركىسە، تىللالارنى بېقىپ ياتقان ئىت پەيدا بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەر يەنە ھېلىقى ھەشەمەتلىك سارايغا كۆچۈپ بېرىپتۇ، يەنە چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈپتۇ، ھېلىقى دوستلىرىمۇ ئۇنى ئىزدەپ كېلىشىپتۇ.

بىر كۈنى ئەسكەر مەلىكىنىڭ ئىنتايىن چىرايلىقلىقىنى ئاڭلاپتۇ.

— مەلىكىنى قەيەردە كۆرگىلى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەسكەر.

— ئۇنى ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ، — دەپتۇ كىشىلەر، — ئۇ بىر مىس قەسىردە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپى ئېگىز مۇنارلار بىلەن قورشالغان. ئۇ يەرگە پەقەت پادىشاھلا ئەركىن كىرىپ چىقالايدۇ. بۇرۇن بىر مۇنەججىم ئۇنى بىر ئاددىي ئەسكەرگە تېگىدۇ، بۇ ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن، دەپ پال ئې-چىپتىكەن. پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قىزىنى ئاشۇنداق ساقلاۋاتىدۇ.

«بۇ بىر غەلىتە ئىش ئىكەن، — دەپ ئويلاپتۇ ئەسكەر، — ئۇ قىز مىس قەسىردە زېرىكمەمدىغاندۇ؟ ئۇنى بىر كۆرۈپ باقسام بوپتىكەن.»

ئەسكەر چاقماق تاشنى بىر قېتىم سۈركىۋىتىكەن، كۆزلىرى پىيالىدەك ئىت شۇ ھامان پەيدا بوپتۇ.

— ھازىر يېرىم كېچە بولدى، — دەپتۇ ئەسكەر، — مېنىڭ مەلىكىنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ.

ئىت يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ، بىردەمدىلا مەلىكىنى دۈمبىسىگە يانتۇزۇپ ئېلىپ كەپتۇ. مەلىكە ئۇخلاۋاتقانىكەن. ئۇ شۇنچىلىك گۈزەل ئىكەنكى، ئەسكەر ئۆزىنى باسالماي ئۇنى بىرنى سۆيۈپ قويۇپتۇ.

ئىت مەلىكىنى ئېلىپ يەنە چىقىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ناشتا قىلىۋاتقاندا مەلىكە دادىسى بىلەن ئانىسىغا چۈشىدە بىر ئىت بىلەن بىر ئەسكەرنى كۆرگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئىتنىڭ ئۈستىدە ياتقانلىقىنى، ئەسكەرنىڭ ئۆزىنى بىرنى سۆيۈپ قويغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— راست قىزىق چۈش كۆرۈپسەن، — دەپتۇ خانىش.

خانىش بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن بىر قېرى ئايال خىزمەتكارنى مەلىكە بىلەن بىللە يېتىشقا بۇيرۇپتۇ.

يېرىم كېچە بولغاندا ئەسكەرنىڭ مەلىكىنى يەنە كۆرگۈسى كېلىپ، ئىتنى ئەۋەتىپتۇ. ئىت مەلىكىنى دۈمبىسىگە ئېلىپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپتۇ. ئايال خىزمەتكارمۇ كەينىدىن قالماي يۈگۈرۈپتۇ. ئىتنىڭ بىر سارايغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ: «بۇ يەرنى كۆرۈۋالدىم» دەپ ئويلاپ، ئىشىكنىڭ بېشىغا بور بىلەن قوشۇش بەلگىسىنى سىزىپ قويۇپ، ئالدىراپ ئوردىغا قايتىپتۇ.





www.uyghurkitap.com



ئۈزاق ئۆتمەي ئىت مەلىكىنى قەسرىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. قايتىپ كې-
لىپ قارىسا، ئەسكەر ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىدە قوشۇش بەلگىسى تۇرغۇ-
دەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ بور تېپىپ، شەھەردىكى ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئىشىك-
لىرىگە قوشۇش بەلگىسى سىزىپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە پادىشاھ بىلەن خانىش، ئايال خىزمەتكار ۋە ئوردا
خادىملىرى مەلىكە بارغان يەرنى كۆرگىلى كەپتۇ.

پادىشاھ بىر ئىشىكنىڭ بېشىدىكى قوشۇش بەلگىسىنى كۆرۈپ:

— مانا ماۋۇ يەردىكەن! — دەپتۇ.

خانىشمۇ يەنە بىر ئىشىكتە ئاشۇنداق بەلگىنى كۆرۈپ:

— ياق، بۇ يەردە ئىكەن، — دەپتۇ.

شۇ ئارىلىقتا باشقىلارمۇ توۋلىشىپ كېتىپت:

— بۇ يەردىمۇ بار ئىكەن! ئاۋۇ يەردىمۇ بار ئىكەن!

شۇنداق قىلىپ، ھەممىلا ئىشىكلەردە ئوخشاشلا قوشۇش بەلگىسى
بولغاچقا، پادىشاھ بىلەن خانىش مەلىكىنىڭ قايسى ئۆيگە ئېلىپ كىرىلگەن-
لىكىنى بىلەلمەي ئوردىغا قايتىپ كېتىپتۇ.

خانىش بەك ئەقىللىق ئايال ئىكەن. ئۇ ناھايىتى كىچىك بىر خالتا
تىكىپ، ئىچىگە كېپەك سېلىپ قويۇپتۇ، ئاندىن خالتىنىڭ ئاستىنى ئازراق
تېشىپ، مەلىكىنىڭ ئىچ كىيىمىنىڭ دۈمبىسىگە تىكىپ قويۇپتۇ.

كېچىدە ئىت يەنە كېلىپ مەلىكىنى دۈمبىسىگە ئاپتۇ ـ دە، ئۇدۇل ئەسكەرنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئەمما ئۇ كېپىنەكنىڭ ئوردىدىن تارتىپ ئەسكەرنىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگىچە چېچىلىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي، مەلىكىنى دېرىزىدىن ئېلىپ كىرىپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ بىلەن خانىش قىزىنىڭ نەگە بارغانلىقىنى بىلىپ، ئەسكەرنى زىندانغا تاشلاپتۇ.

پادىشاھ ئەسكەرنى دارغا ئاسماقچى بوپتۇ.

ئەسكەر چاقماق قۇتىسىنى ئۆيىدە ئۇنتۇپ قالغانىكەن. زىندانىنىڭ پەنجىرىسىدىن سىرتقا قاراپ تۇرسا، بىر بالا ئۆتۈپ كېتىۋاتقۇدەك. ئەسكەر ئۇنى چاقىرىپ:

— ھەي شاكىچىك، مەن ياتقان ئۆيگە بېرىپ چاقماق قۇتامنى ئەكېلىپ بەرسەڭ، ساڭا تۆت تەڭگە بېرەتتىم، — دەپتۇ.

ھېلىقى بالا تۆت تەڭگىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ ـ دە، چاقماق قۇتىسىنى ئەكېلىپ بېرىپتۇ.

شەھەر سىرتىغا دار ياسىلىپتۇ. دارنىڭ ئەتراپىدا سانجاق ـ سانجاق ئەسكەر ۋە مىڭلىغان پۇقرالار تۇرۇشۇپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىشمۇ سوتچىلار بىللە ئالتۇن كۇرسىلىرىدا ئولتۇرۇشۇپتۇ.

جاللات ئەسكەرنى دارنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇققا چىقىرىپ قويۇپ، ئەمدىلا سىرتماقنى بويىنىغا سالاي دېيىشىگە، ئەسكەر ئۆزىنىڭ بەكمۇ تاماكا چەككۈسى كەلگەنلىكىنى، گۇناھكارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا بىر تەلىپىنى دېسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىكەن، پادىشاھ «ياق» دېيەلمەپتۇ.





www.uyghurkitap.com



ئەسكەر يانچۇقىدىن چاقماق تېشىنى ئېلىپ ئۈچ قېتىم سۈركىگەند-
كەن، ھېلىقى ئۈچ ئىت دار ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. ئەسكەر: «ماڭا ياردەم
بېرىڭلار، مەن دارغا ئېسىلىپ ئۆلۈپ كەتمەي!» دېگەنىكەن، ئۈچ ئىت
سوتچىلارغا ئېتىلىپ، بىرىنىڭ پاچىقىدىن، بىرىنىڭ بۇرنىدىن چىشلەپ
ئاسمانغا پىرقىرىتىپ ئېتىپتىكەن، يەرگە چۈشكۈچە ئۇلارنىڭ جېنى چىقىپ
بوپتۇ.

ئەڭ يوغان ئىت پادىشاھ بىلەن خانىشنى چىشلەپ، باشقا ئادەملەرنى
تالىغاندەك تالاشقا باشلاپتۇ. ئەسكەرلەر قورقۇپ قېچىشىپتۇ.

چاقماق قۇتىسىنىڭ قۇدرىتىدىن قورقۇپ كەتكەن پادىشاھ ئەسكەرگە
يالۋۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا مەلىكىنى بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي ياش ئەسكەر بىلەن ساھىبجامال مەلىكىنىڭ تويى بوپتۇ.
توي سەككىز كۈن داۋاملىشىپتۇ. توي زىياپىتىگە ھېلىقى ئۈچ ئىتمۇ قاتنى-
شىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق

دانىيە چۆچەكى (ئەسلىي ئەسەر: ئاندېرسوننىڭ)

نۇرغۇن - نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى، ياۋروپادىكى بىر شەھەردە ئىنتايىن نامرات بىر ئائىلە ئۆتكەنىكەن. بۇ ئائىلىدە بىر قىزچاق بار ئىكەن، ئۇ سەرەڭگە سېتىپ ئۆيىنىڭ كۈندىلىك خىراجىتىنى قامدايدىكەن.

كونا يىلنىڭ ئاخىرقى ئاخشىمى، يەنى هارپا ئاخشىمى هاۋا بەك سوۋۇپ كېتىپتۇ، ئەتىگەندىن بېرى يېغىۋاتقان قار زادىلا توختىماپتۇ. مۇشۇنداق سوغۇق هەم قاراڭغۇ كېچىدە يالاڭۋاش، ساپما كەش كىيىۋالغان قىزچاق سەرەڭگە ساتقىلى چىقىپتۇ. سوغۇقتا كەش نېمىگە دال بولالىسۇن؟ ئۇ كىيىۋالغان كەش بەك چوڭ ئىدى، ئانىسى دائىم پۇتىدىن سالماي كىيىپ يۈرەتتىكەن. قىزچاق يولدىن ئۆتۈۋاتقاندا بىر پەيتۇن كېلىپ قاپتۇ - دە، ئالدىراشچىلىقتا كەش پۇتىدىن چۈشۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاياغسىز قالغان قىزچاقنىڭ پۇتلىرى مۇزلاپ قىزىرىپ كېتىپتۇ.

قىزچاق توڭلىغىنىدىن شۈمشەيگەن هالدا كوچا ئارىلاپتۇ. بۇ چاغدا ئۆي - ئۆيلەردىن يېڭى يىل تەنتەنىلىرى، خۇشال كۈلكە سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇرغانىكەن.

قىزچاقنىڭ كونا پەرتۇقىدا نۇرغۇن سەرەڭگە بار ئىكەن. لېكىن، ئۇ ئەتىگەندىن بېرى بىر قاپىنىمۇ ساتالماپتۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا بىر تىيىن پۇلمۇ بەرمەپتۇ.

ئاچ قورساق ھەم توڭلاپ كەتكەن بىچارە قىزچاق توختىماي ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى بەئەينى قاتتىق جاپادا قالغان بىر ئادەمنىڭ سۈرىتىگە ئوخشايدىكەن. مۈرىسىدە يېيىلىپ تۇرغان ئالتۇن رەڭ چاچلىرى قاردا ئاپئاق بولۇپ قالغان بولۇپ، شۇنچە چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن. بارلىق دېرىزىلەر يورۇق، كوچىنى ئۆردەك كاۋاپلىرى-نىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى بىر ئالغانىكەن.

قىزچاق ماڭا - ماڭا، ئىككى ئۆينىڭ ئارىلىقىدىكى بىر تار بۇلۇڭغا كېلىپ تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپتۇ، پۇتلىرىنىمۇ چىڭ تۈگۈۋاپتۇ، شۇنداقتى-مۇ يەنىلا مۈزلاپتۇ. ئۇ بىر تىيىنمۇ پۇل تاپالمىغاچقا، ئۆيىگە قايتىپ كېتىشتىن قورقۇپتۇ. ئۆيىگە بارسا دادىسى ئۇرىدىكەن، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىمۇ تالاغا ئوخشاش سوغۇق ئىكەن. ئۆيىنىڭ ئۆگزىسى تۆشۈك ئىكەن، ئەسكى لاتا ۋە پاخاللار بىلەن ئېتىۋەتكەن بولسىمۇ، سوغۇق شامال يەنىلا غۇرقىراپ كىرىپ تۇرىدىكەن.

ئۇنىڭ كىچىككىنە قوللىرى توڭلاپ قالايلا دەپتۇ. «بىر تال سە-رەڭگىنىڭ ئوتى بولسىمۇ قوللىرىمنى ئازراق ئىسسىتىۋالارىدىم» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ. ئاخىر سەرەڭگىدىن بىر تالنى ئاپتۇ. سەرەڭگە «پاژ» قىلىپ يېنىپ، ئىللىق ۋە نۇرلۇق بىر يالقۇنغا، كىچىك بىر شامغا، ئاجايىپ چىرايلىق بىر يورۇقلۇققا ئايلىنىپتۇ. قىزچاق ئۆزىنى خۇددى ئۇلۇغ ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان تۆمۈر مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاندەك سېزىپتۇ. بۇ ئوت نېمىدېگەن چىرايلىق، نېمىدېگەن ئىللىق! بۇ زادى نېمە ئىشتۇ؟!





www.uyghurkitap.com

قىزچاق پۇتلىرىنى ئىسسىتىۋېلىش ئۈچۈن ئەمدىلا سوزۇشىغا، ئوت
ئۆچۈپ قاپتۇ، مەشمۇ كۆرۈنمەپتۇ، قولىدا پەقەت كۆيۈپ بولغان سەرەڭگى-
نىڭ كۆتىكىلا قاپتۇ.
ئۇ يەنە بىر تال سەرەڭگىنى ياندۇرۇپتۇ. ئۇمۇ كۆيۈپ يورۇقلۇق چىقى-
رىپتۇ. تام ئۇستىدىكى يورۇقلۇق چۈشكەن جاي تېخىمۇ يورۇپ، نېپىز ئاق
شايى پەردىگە ئوخشاپ قاپتۇ. قىزچاق پەردىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئۆينىڭ
ئىچىدە تۇرغان نەرسىلەرنى كۆرگەندەك بوپتۇ: تام ئوچاقتا ئوت گۈرۈلدەپ
كۆيۈۋاتقان، ئۇستەلگە ئاپئاق داستىخان سېلىنغان، ئېسىل قاچا - قومۇچلار
تىزىلىپ كەتكەن، ھەممىسىدە شېرىن مېۋىلەر، ھورى چىقىپ تۇرغان ئۆر-
دەك كاۋاپلىرى... ئەڭ ئېسىل يېرى: بىر ئۆردەك كاۋىپى تەخسىدىن سەكرەپ
چىقىپ، دۈمبىسىدە ئارا - ۋىلكىلار ئېسىقلىق پېتى ئىغاڭلاپ مېڭىپ،
ئۇدۇل بۇ كەمبەغەل قىزچاقنىڭ ئالدىغا كەپتۇ... دەل شۇ چاغدا سەرەڭگە
ئۆچۈپ قېلىپ، قىزچاقنىڭ كۆز ئالدىدا مۇزدەك ھەم قېلىن تام يەنە پەيدا
بوپتۇ.
قىزچاق ئېغىر خورسىنىپتۇ. ئۇ ھېلى ئۆز تۇرمۇشىدا كۆرەلمەيدىغان
نەرسىلەرنى كۆرۈپتۇ، بىراق بۇ كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىرنەچچە
سېكۇنتلا داۋاملىشىپ غايىب بوپتۇ.



قىزچاق يەنە بىر سەرەڭگىنى ياندۇرۇپتۇ. بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چىرايلىق مىلاد ئارچىسى پەيدا بوپتۇ. بۇ ئارچا ئۇ ئۆتكەن يىلى باي قوشنىسىنىڭ دېرىزىسىدىن كۆرگەن ئارچىدىن چوڭ ھەم چىرايلىق ئىكەن، شاخلىرىدا بىرنەچچە مىڭ دانە شام ياندۇرۇقلۇق ئىكەن. ئېسىۋېتىلگەن رەڭلىك رەسىملەرمۇ ماگىزىنلارنىڭ دېرىزىلىرىگە ئېسىلىدىغان رەسىملەرگە ئوخشاش چىرايلىق ئىكەن.

قىزچاق ئۇ رەسىملەرگە ئەمدىلا قول ئۇزىتىشىغا سەرەڭگە يەنە ئۆچۈپ قاپتۇ. ھېلىقى شاملار بارغانسېرى ئېگىزلەپ، ئاخىر ھەممىسى ئاسماندىكى نۇرلۇق يۇلتۇزلارغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا بىر يۇلتۇز ئاسماندا ئۇزۇن بىر قىزىل نۇر قالدۇرۇپ ئېقىپ چۈشۈپتۇ.

«يەنە كىم ئۆلۈپ كەتكەندۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ قىزچاق. مومىسى بۇرۇن ئۇنىڭغا: ئاسماندىن بىر يۇلتۇز ئېقىپ چۈشسە، يەر يۈزىدىن بىر ئادەم خۇدانىڭ دەرگاھىغا كېتىدۇ، دېگەنىكەن. مومىسى ئۇنى بىردىنبىر ياخشى كۆرىدىغان ئادەم بولۇپ، ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنىكەن.

قىزچاق يەنە بىر تال سەرەڭگە ياندۇرغانىكەن، ئەتراپ يورۇپ كېتىپتۇ. شۇ يورۇقلۇق ئىچىدە ئۇنىڭ مومىسى كۆرۈنۈپتۇ. موماي شۇنچە مۇلايىم، شۇنچە مېھرىبان ئىكەن.

— موما! — دەپ توۋلاپتۇ قىزچاق، — مېنىمۇ ئالغاچ كەتكىنە! بۇ سەرەڭگە ئۆچۈپ قالسىلا كېتىپ قالىدىغىنىڭنى بىلىمەن. ئىسسىق مەشكە، مەززىلىك ئۆردەك كاۋىپىغا، چىرايلىق ميلاد ئارچىسىغا ئوخشاشلا بىردەمدىلا يوقاپ كېتىسەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ مومىسىنى ئېپقېلىش ئۈچۈن، قېپقالغان سەرەڭگىلەرنى كەينى - كەينىدىن ياندۇرۇشقا باشلاپتۇ. بۇ سەرەڭگىلەرنىڭ يورۇقى ئەتراپنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭغا مومىسى بۇنداق چىرايلىق، بۇنداق ئېگىز كۆرۈنۈپ باقمىغانىكەن. ئۇ بۇ قىزنى كۆتۈرۈۋېلىپ باغرىغا بېسىپ، يورۇقلۇق ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ئاسمانغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئۇچقانسېرى ئېگىزلەپتۇ. ئۇلار سوغۇقمۇ، ئاچلىقمۇ، غەم - قايغۇمۇ يوق ماكانغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئەمدى ئۇلار خۇدا بىلەن بىللە تۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپتۇ…



ئەتىسى ئەتىگەندە، كىشىلەر سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاقنىڭ ئىككى تامنىڭ ئارىلىقىدىكى تار بۇلۇڭدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كەتكەن، لەۋلىرىدە تەبەسسۇم قېتىپ قالغانىكەن. ئۇ يېڭى يىلنىڭ هارپا كېچىسى توڭلاپ ئۆلۈپ قالغانىكەن.

يېڭى يىلنىڭ قۇياشى كۆتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ كىچىككىنە تېنىگە نۇر سېپىشكە باشلاپتۇ. ئۇ كۆيۈپ بولغان سەرەڭگە تاللىرىنى چىڭ سىقىمدىۋالغانىكەن.

«ئۇ ئۆزىنى ئىسسىتماقچى بوپتىكەن - دە» دېيىشىپتۇ كىشىلەر. ئەمما، ئۇلار سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاقنىڭ ئاجايىپ گۈزەل نەرسىلەرنى كۆرگەنلىكىنى، خۇشال هالدا مومىسى بىلەن بىللە يېڭى يىلنىڭ بەخت - سائادىتى ئىچىگە ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن.



# خاسىيەتلىك نەي

گېرمانىيە چۆچىكى (ئەسلىي ئەسەر: گېرمىنىڭ)

قەدىمكى زاماندا، گېرمانىيىنىڭ شىمالىدىكى ھانمىرىن شەھىرىنىڭ پۇقرالىرى تولىمۇ سەمىمىي، ساداقەتمەن ئىكەن، تاشتىن قوپۇرۇلغان ئۆيلەردە خۇشال - خۇرام، كۆڭۈللۈك ياشايدىكەن. لېكىن، بىر كۈنلەرگە بارغاندا ئۇلارنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشى قالايمىقانلىشىپ كېتىپتۇ.

ھانمىرىن شەھىرىدە چاشقانلار بەك كۆپىيىپ كېتىپتۇ. كىشىلەر چاشقانلاردىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى تاپالماي بېشى قېتىپ يۈرگەندە، تۇيۇقسىز شەھەردىكى مۈشۈكلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كېتىپ، چاشقانلار تېخىمۇ كۆپىيىپ، توپ - توپ بولۇپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈيدىغان بوپتۇ. ئۇلار ئادەملەردىنمۇ ھېيىقمايدىكەن، خالىغان يېرىگە كىرىپ كېتىۋېرىدىكەن، نەگە يامىشىپ چىققۇسى كەلسە شۇ يەرگە يامىشىپ چىقىۋېرىدىكەن، ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى غاجاپ كاردىن چىقىرىۋېتىدىكەن.

شەھەر ئاھالىلىرى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ. ئۇلار شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ ياردەم تەلەپ قىپتۇ.

ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى شەھەر باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا يىغىلىشىپ، چاشقانلارنى قانداق يوقىتىشنى مۇزاكىرە قىپتۇ، ئەمما بىرنەچچە كۈن دەتالاش قىلغان بولسىمۇ تۈزۈكرەك ئامال تېپىپ چىقالماپتۇ.

— قارىغاندا، بىرەر كىم ئوتتۇرىغا چىقىپ ياردەم قىلمىسا، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمايدىغان ئوخشايمىز، — دەپتۇ شەھەر باشلىقى روھى چۈشكەن ھالدا بېشىنى قاشلاپ.





بۇ چاغدا بىر كىشى ئىشىك چېكىپتۇ.

— يېرىم كېچە بولغاندا كىم كەلگەندۇ؟

ئەمەلدارلار مۇشۇ كۈنلەردە قاتتىق غەزەپلىنىپ يۈرگەن شەھەر خەلقىنى ئېسىگە ئېلىپ، كۆڭلىدە خىجىللىق ۋە قورقۇنچ ھېس قىپتۇ، بىراق ئۇلار يەنىلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشىكنى ئېچىپتۇ.

قارىسا، ئېگىز، ئورۇق بىر ناتونۇش يىگىت ئىشىك ئالدىدا تۇرغۇدەك. ئۇ خىلمۇخىل رەڭلەر بىلەن بويالغان رەختتە تىكىلگەن ئالا - بۇلىماچ كىيىم كىيىۋالغانىكەن. ئۇ قالپىقىغا بىر تال غاز پېيى قادىۋالغان، قولىدا بىر ئالتۇن نەيىنى كۆتۈرۈۋالغانىكەن.

— شەھەر باشلىقى جانابلىرى، — دەپتۇ بۇ ناتونۇش يىگىت، — ماڭا مىڭ تىللا بەرسىڭىز، سىلەرنى بۇ لەنىتى چاشقانلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن قۇتقۇزىمەن.



— ئالدىغان ھەققىڭ ئاران مىڭ تىللامۇ؟ — دەپتۇ شەھەر باشلىقى جانلىنىپ، — ئەگەر سەن بىزنى چاشقانلاردىن قۇتقۇزساڭ، ساڭا مىڭ تىللا ئەمەس، ئەللىك مىڭ تىللا بېرىشكە رازىمىز! ئەمما، سەن چوقۇم ۋەدەڭدە تۇرۇشۇڭ كېرەك.

— كېلىشتۇق ئەمىسە! — دەپتۇ يىگىت، — خاتىرجەم بولۇڭ، مەن دېگىنىمنى قىلىمەن. ئەمما، سىزمۇ دېگىنىڭىزنى بېرىشىڭىز كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن ئالا - بۇلىماچ كىيىم كىيگەن ناتونۇش يىگىت بىلەن شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدارلىرى كېلىشىمنامە تۈزۈپتۇ. ئەمەلدارلار ئۇنى ئەتىسى ئەتىگەندە چاشقانلارنى شەھەردىن قوغلىۋېتىشقا بۇيرۇپتۇ.

ئەتىسى قۇياش تېخى تاغ كەينىدىن چىقمىغاندا، ھانمىرىن شەھىرىنىڭ كوچىسىدا ئاجايىپ ياڭراق نەي ساداسى ياڭراپتۇ. قىزىق يېرى، توپ - توپ چاشقانلار شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن، ئىشىكلەرنىڭ يوچۇقلىرى-دىن، تاملارنىڭ يېرىقلىرىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپتۇ.

نەيچى توختىماي نەي چېلىپ شەھەر سىرتىغا قاراپ مېڭىپتۇ، سان - ساناقسىز چاشقانلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

نەيچى يىگىت نەيىنى چالغاچ ئالغا ئىلگىرىلەپ بىر دەريانىڭ بويىغا كەپتۇ، ئاندىن دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ نەيىنى چېلىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. چاشقانلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دەرياغا چۈشۈپ، شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە غەرق بولۇپ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ.

قۇياش كۆككە كۆتۈرۈلگەن چاغدا، ھاممىرىن شەھىرىدە بىرمۇ چاشقان قالماپتۇ. كىشىلەر خۇشال - خۇرام ھالدا كوچىلارغا يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ بىر - بىرىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشۈپتۇ. شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىدىمۇ ناخشا - كۈلكىلەر ياڭراپتۇ.



بۇ چاغدا نەيچى يىگىت شەھەر باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئىش ھەققىنى تەلەپ قىپتۇ. لېكىن، شەھەر باشلىقى ۋە باشقا ئەمەلدارلار سېھىرگەرگە يىگىتكە ئەللىك مىڭ تىللا بەرگۈسى كەلمەپتۇ.

— شۇنچىلىك ئىشقا ئەللىك مىڭ تىللا ھەق بەرگىلى تۇرساق، بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىز نامراتلىشىپ قاقسەنەم بولۇپ قالمامدۇ؟! — دەپتۇ بىر ئەمەلدار.

— شۇ ئەمەسمۇ! — دەپتۇ قالغانلارمۇ چۇۋۇرلىشىپ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار گېپىدىن يېنىۋاپتۇ، ھەتتا نەيچى يىگىت دەسلەپتە تەلەپ قىلغان مىڭ تىللانىمۇ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ.

— ھازىر بەرىبىر چاشقانلار ئۆلۈپ تۈگىدى، — دەپتۇ شەھەر باشلىقى نەيچى يىگىتكە، — ئۇلار ئەمدى قايتىپ كېلەلمەيدۇ، ساڭا بولغان مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بىز ساڭا ئەللىك تىللا بېرەيلى، شۇنىڭغا رازى بول، بولمىسا بىر تىللانىمۇ ئالالمايسەن.

يىگىت شەھەر باشلىقى بىلەن تۈزگەن كېلىشىمنى تىلغا ئې-
لىپ، ئۇلارنىڭ لەۋزىدە تۇرۇشىنى تەلەپ قىپتۇ، ئەمما ئۇلار
زادىلا ئۇنىماپتۇ، ھەتتا يىگىتنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ.
نەيچى يىگىتنىڭ سەۋر قاچىسى تېشىپتۇ، ئۇ كۆزلىرىدىن
غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاچراتقان ھالدا:
— قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرنىڭ شۇ قىلغىنىڭلارغا قاتتىق
پۇشايمان قىلدۇرىمەن! — دەپتۇ.
ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا ئارقىغا بۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.
ئەمەلدارلار ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ. ئۇلار: «بۇ يىگىت ھانمىرىن شەھىرى-
نى چاشقانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتقۇزالىغانىكەن، چوقۇم ئۇنىڭدا
سېھىرىي كۈچ بار، شۇڭا ئۇنىڭ بايىقى گەپلىرى بىكارغا ئېيتىلمىغان بولۇ-
شى مۇمكىن» دېيىشىپتۇ.
لېكىن، شەھەر باشلىقى ئازراقمۇ ئەنسىرىمەپتۇ، بەلكى كۆپچىلىك
ئۇچۇن ئەللىك مىڭ تىللانى تېجەپ بەردىم دەپ كېرىلىپ كېتىپتۇ! باشقا
ئەمەلدارلارمۇ بايىقى كۆڭۈلسىزلىكنى ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىپتۇ ۋە
يەپ - ئىچىپ، تەبرىكلەش پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.
چاشقانلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن قۇتۇلغان شەھەر خەلقى شۇ كېچە-
سى ئاجايىپ تاتلىق ئۇخلاپ كېتىپتۇ.





www.uyghurkitap.com

سۇبھى ۋاقتىدا، ئاجايىپ ياڭراق نەي ئاۋازى شەھەر كوچىسىدا ياڭراپتۇ. بۇ نەي ئاۋازىنى پەقەت بالىلارلا ئاڭلىيالايدىكەن.

سېھىرلىك نەي ئاۋازى ھەممە ئۆيلەردىكى بالىلارنى ئويغىتىپتۇ. ئۇلار ھاپىلا - شاپىلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئاتا - ئانىلىرىغا تۇيدۇرماي ئۆيلىرىدىن چىقىشىپتۇ.

ئالا - بۇلىماچ كىيىنىۋالغان نەيچى يىگىت يەنە بىر قېتىم شەھەر كوچىسىدىن ئۆتۈپتۇ. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇنىڭغا چاشقانلار ئەمەس، ئۆي - ئۆيلەردىن يۈگۈرۈشۈپ چىققان بالىلار ئەگىشىپتۇ. نەي ساداسى ئۇلارنى ئىختىيارسىز ئالغا ئىلگىرىلىتىپتۇ. ئۇلارنىڭ چىرايىدا قىلچە قورقۇنچ ئالامىتى كۆرۈنمەيدىكەن، بەلكى ئۇلار تولىمۇ خۇشال ئىكەن.

نەيچى يىگىت نېيىنى ئۈزمەي چېلىپ كېتىۋېرىپتۇ. مىڭلىغان بالىلار خۇددى جەڭگە ماڭغان قوشۇندەك تىزىلىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپ، شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپتۇ. ئاندىن كېيىن، ئۇلار ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ، بىر تاغ باغرىغا كەپتۇ.

نەيچى يىگىت قاپقارا بىر قورام تاشنىڭ ئالدىغا كېلىپ نېيىنى تېخىمۇ كۈچەپ چالغانىكەن، تاش ئىككىگە بۆلۈنۈپ غارىلداپ ئېچىلىپتۇ، ئىچىدە بىر غار كۆرۈنۈپتۇ.



نەيچى يەنە نېيىنى چالغىنىچە غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ، باللار-مۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ غارغا كىرىپتۇ. ھەممەيلەن كىرىپ بولغاندىن كېيىن، قورام تاش غارىلداپ يېپىلىپ ئەسلىگە كېلىپ قاپتۇ.

پۇتى قاپىرىپ كەتكەنلىكتىن ماڭالماي ئارقىدا قالغان بىر بالا بۇ پالاكەت-چىلىكتىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

بالا تاپىنىنىڭ قاپىرىپ كەتكىنىگە قارىماي، شەھەرگە قاراپ يۈگۈرۈپ-تۇ. ئۇ شەھەردىكىلەرگە يۈز بەرگەن ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئەمدىلا خاتىرجەملىك ۋە تىنچ تۇرمۇشقا ئېرىشكەن شەھەر خەلقى چاشقان ئاپىتىگە دۇچار بولغان كۈنلەردىكىدىنمۇ بەكرەك قايغۇ - ئازاب ئىچىدە قاپتۇ. ئۇلار قورام تاشنى تېپىپ بالىلىرىنى قۇتقۇزۇۋالماقچى بوپتۇ، ئەمما ئۇنى زادىلا تاپالماپتۇ.

مانا بۇ لەۋزىدە تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىلگەن ساۋاق ۋە جازا ئىكەن.



# تېرەك بىلەن ئېرىق

روسىيە چۆچىكى



ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، روسىيىنىڭ شىمالىدىكى بىر ئورمانلىقتا ئىۋان ئىسىملىك بىر ياغاچ كەسكۈچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئۆزى ياسىۋالغان ئەپلىككىنە ياغاچ ئۆيدە يالغۇز ياشايدىكەن.

ئىۋان ئىنتايىن ساغلام، قاۋۇل ۋە ئىشچان يىگىت ئىكەن، ھەر كۈنى ئورمانلىققا بېرىپ ئەتىگەندىن كەچكىچە ياغاچ كېسىدىكەن.

ئىۋان ھەر كۈنى ئىشقا ماڭغاندا، بىر چىرايلىق ياغاچ ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتىدىكەن. بۇ ئۆيدە ناتاشا ئىسىملىك ئوماق قىز ياشايدىكەن.

ناتاشا ئىۋاننى ياخشى كۆرۈپ قالغانىكەن. ئۇ ھەر ئەتىگىنى ئىۋان ئىشقا ماڭغاندا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ تۇرىدىكەن ياكى دېرىزىدىن قاراپ تۇرىدىكەن. ئۇ ئىۋان بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، ئىختىيارسىز قىزىرىپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭ ئىۋان بىلەن سالاملاشقۇسى، ھەتتا پاراڭلاشقۇسى بار ئىكەنۇ، تارتىنىپ ئېغىز ئاچالمايدىكەن.

بىر كۈنى ناتاشا غەيرەتكە كېلىپ، ئىۋاننىڭ ئالدىنى توساپتۇ.

— بۇ تاتلىق ھاراقنى مەن خىلمۇخىل مېۋىلەرنى ئېچىتىپ ياسىغان، ئۇ... ئۇ بەك ياخشى...

ئىۋان ناتاشاغا تىكىلىپ قارىغىنىچە بىردەم تۇرۇپ قاپتۇ. «ھە، بۇ ھەقىقەتەن ئوماق قىز ئىكەن» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، — دەپتۇ ئىۋان بىپەرۋالىق بىلەن، — بىراق مەن تاتلىق ھاراقنى ياخشى كۆرمەيمەن.

ئىۋان گېپىنى تۈگىتىپلا يولىغا كېتىپ قاپتۇ. ناتاشا ئۇنىڭ ئارقىدىن قاراپ قاپتۇ، ئىۋاننىڭ سالقىن مۇئامىلە قىلغانلىقىدىن كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولۇپ، زەڭگەر كۆزلىرىدىن ھەسرەت ياشلىرى تارامىلاشقا باشلاپتۇ.

ئىۋان سوغۇق مۇئامىلە قىلغىنى بىلەن، ناتاشانىڭ رايى قايتىپ قالماپتۇ. ئۇ ئىۋانغا ئاتاپ پوپايكا توقۇپتۇ، يەنە تېخى ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ بۆلجۈرگەن تېرىپ كەپتۇ.

بىر كۈنى ناتاشا پوپايكا بىلەن بۆلجۈرگەننى ئىۋانغا سوۋغا قىلماقچى بوپتۇ، بىراق ئىۋان بۇ نەرسىلەرنى ئېلىشنى يەنىلا رەت قىپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىر كۈنى ئىۋان ئورمانلىقتا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتسا، ئورمان پەرىسى بىر دەرەخنىڭ ئاچىمىقىدا ئولتۇرغۇدەك. ئۇ تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە ئىنتايىن گۈزەل ئىكەن. ئىۋان بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ.

— ماڭا ناخشا ئېيتىپ بېرىڭ، — دەپتۇ ئورمان پەرىسى ئىۋانغا.

ئىۋان ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، ئۆزى بىلىدىغان ناخشىلارنى ئېيتىشقا باشلاپتۇ. ھەربىر ناخشا تۈگىگەندە، ئورمان پەرىسى:

— نېمىشقا توختاپ قالدىڭىز؟ توختاپ قالماڭ، ئىۋان، يەنە بىرنى ئېيتىڭ... يەنە بىرنى! — دېگۈدەك.



ئىۋان توۋلاۋېرىپ ھېرىپ كېتىپتۇ، ئاۋازىمۇ خىرقىراپ قاپتۇ، يەنە كېلىپ بەك توڭلاپ كېتىپتۇ. «ئەجەب توڭلاپ كەتتىم، — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، — ئۇچامدا پوپايكا بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە!»

ئىۋان بىردىنلا ناتاشانى ئەسلەپ قاپتۇ.

ئىۋان ناتاشانىڭ مۇلايىملىقى ۋە ئىللىقلىقىنىڭ ئورمان پەرىسى- نىڭ گۈزەللىكىدىن كۆپ ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلاپ- تۇ، ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلغانلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، يۈ- رىكى پىچاق سانجىلغاندەك ئاغرىپ كېتىپتۇ.

ئۇ: «ياق! ئۇ ئەڭ سۆيۈملۈك قىز ئىكەن! مەن دەرھال ئۇنى تېپىشىم، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىشىم، يەنە ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببى- تىمنى ئىزھار قىلىشىم كېرەك!» دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئېيتىۋاتقان ناخشىسىنى توختىتىپتۇ.

— نېمىشقا توختاپ قالدىڭىز، ئىۋان؟ — دەپتۇ ئورمان پەرى- سى، — مېنىڭ ناخشا ئاڭلىغۇم بار، يەنە ئېيتىپ بېرىڭ.

— كەچۈرۈڭ، ئەمدى سىزگە ناخشا ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، — دەپتۇ ئىۋان ۋە ناتاشانىڭ قېشىغا مېڭىپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ كەينىدىن ئىنتايىن قوپال ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

— سەن ئۇنى مەڭگۈ كۆرەلمەيسەن! مۇھەببەت ئۇچۇن تۆككەن ياشلىرى ئۇنى ئېرىققا ئايلاندۇرۇپ قويدى، ئەمدى سېنىڭ ئۇنى كۆرەلىشىڭ مۇمكىن ئەمەس!

ئىۋان ناتاشانىڭ ئىشىكىنى قاققانىكەن، ھېچكىم ئىشىكنى ئاچ- ماپتۇ. ئۇ ھودۇققان ھالدا ئەتراپقا قارىسا، ئۆينىڭ نېرىسىدا بىر ئېرىق تۇرغۇدەك. ئىۋان بۇ ئېرىقنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىكەن.

ئىۋان قاتتىق قايغۇغا پېتىپتۇ، ئۇ كۆككە بېقىپ، ئۆزىنىڭ ناتاشانىڭ قېشىدا مەڭگۈ تۇرۇشىنى تىلەپ دۇئا قىپتۇ.

خۇددى سېھىر ئىشلىتىلگەندەك، ئىۋان بىر تۈپ تېرەككە ئايلى- نىپ قاپتۇ. ئېرىق ئۇنىڭ يىلتىزىنى — ئىۋاننىڭ يۈرىكىنى سۇغى- رىپ تۇرىدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ناتاشا سۆيگەن ئىۋان مەڭگۈ ئۇنىڭ قېشىدا ياشايدىغان بوپتۇ.



# ئاچ كۆز پادىشاھ

يۇنان چۆچىكى



رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇنىڭدىن نۇرغۇن - نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى، بىر پادىشاھ ھاراق ئىلاھىغا بىر ياخشىلىق قىپتۇ. ھاراق ئىلاھى ئۇنىڭدىن قاتتىق مىننەتدار بولۇپ:

— ئالىيلىرى، سىلىنىڭ ياخشىلىقلىرىغا كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە جاۋاب قايتۇرۇشقا تەييارمەن. خالىغان بىر تىلەكلىرىنى ئېيتسىلا. مەن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرەي، — دەپتۇ.

پادىشاھ بىردەم ئويلىنىۋېلىپ، ئاندىن دەپتۇ:

— بولىدۇ، دېگىنىڭدەك بولسۇن! مۇبادا قۇربىڭ يەتسە، ئىككى قولۇمنى شۇنداق خىسلەتكە ئىگە قىلغىنكى، ئۇلار نېمىنى تۇتسا، شۇ نەرسە ئالتۇنغا ئايلانغاي.

— ئالىيلىرى، دېگەنلىرىدەك بولىدۇ! — دەپتۇ ھاراق ئىلاھى.

ھاراق ئىلاھى ئورنىدىن كېتىپتۇ. پادىشاھ تىلىكىنىڭ ئىجابەت بولغان - بولمىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ ئۆيدىكى نەرسىلەرنى تۇتۇپ بېقىپتۇ. ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭ! ئۇ نېمىنى تۇتسا، شۇ نەرسە ئالتۇنغا ئايلىنىپ قاپتۇدەك. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ قاتتىق خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.

كەچ بوپتۇ، پادىشاھنىڭ قورسىقى ئېچىپتۇ. لېكىن، ئۇ توخۇ كاۋىپىغا قول تەگكۈزسە، توخۇ كاۋىپى، ئالمىغا قول تەگكۈزسە، ئالما، ئىشقىلىپ قايسى يېمەكلىكنى تۇتسا، شۇ نەرسە ئالتۇنغا ئايلىنىپ قاپتۇدەك. بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن پادىشاھ ھاراق ئىلاھىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەپسۇننى بىكار قىلىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— بۇ ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس، — دەپتۇ ھاراق ئىلاھى، — ئەپسۇننى يېشىش ئۈچۈن، سىلى دەريانىڭ باشلىنىش مەنبەسىنى ئىزدەپ تېپىپ بويلىرىنى سۇغا سېلىشلىرى كېرەك، شۇ چاغدىلا ئەپسۇن كۈچىدىن قالىدۇ.

پادىشاھ دەرھال ئاتقا مىنىپ ئاتلىنىپتۇ ۋە ئاخىرى دەريانىڭ مەنبەسىنى



تېپىپ، ئەپسۇننى بىكار قىپتۇ.

پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ كېلىۋاتقاندا، مۇزىكا ئىلاھى بىلەن شېئىر ئىلاھىنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا بەسلىشىۋاتقانىكەن، ئىككىسى پادىشاھتىن ئۆزلىرىگە رېپىرى بولۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ، ئەمما شېئىر ئىلاھىغا يان بېسىپتۇ.

بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلگەن مۇزىكا ئىلاھى سېھىر ئىشلىتىپ پادىشاھنىڭ قۇلاقلىرىغا ئورنىدا بىر جۈپ ئۇزۇن، ئۇچلۇق قۇلاقنى پەيدا قىلىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، پادىشاھ قۇلىقىنى ئورىۋېلىپ يۈرىدىغان بوپتۇ ۋە چېچىنى تاراپ قويىدىغان خىزمەتكارىغا: «بۇ ئىشنى ھەرقانداق كىشىگە تىنمايسەن، بولمىسا كاللاڭنى ئالىمەن» دەپتۇ.

لېكىن، بۇ خىزمەتكار ئىچىدە گەپ ياتمايدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇ بىرنەچچە ھەپتە تىنماي يۈرۈپ، ئاخىرى زادىلا چىدىيالماي قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ، بىر ئورەك كولاپتۇ، ئاندىن ئورەكنىڭ ئېغىزىغا تۇمشۇقىنى يېقىن ئەكىلىپ:

— پادىشاھنىڭ ئېشەكنىڭكىدەك بىر جۈپ ئۇزۇن قۇلىقى بار! — دەپ پىچىرلاپتۇ.



خىزمەتكار شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ، كۆڭلى ئارام تاپقاندەك يېنىكلەپ قاپتۇ، ئەمما قاتتىق ھودۇققان ھالدا ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپتۇ، تەلىيىگە ھېچكىم كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ: «خۇداغا شۈكۈر!» دەپتۇ - دە، ئالدىراپ - تېنەپ ئورەكنىڭ ئېغىزىنى ئېتىپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.

شۇنىسى قىزىقكى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ ئورەكتىن قومۇشلار ئۈسۈپ چىقىپتۇ. مۇزىكا ئىلاھى قومۇشلارنى پۈۋلەپ قويغانىكەن، ئۇلار شامالدا ئىغاڭلاپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ:

— پادىشاھنىڭ ئېشەكنىڭكىدەك بىر جۈپ ئۇزۇن قۇلىقى بار!…

بۇ گەپ ناھايىتى تېزلا پۈتۈن ئەلگە تاراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممە كىشى پادىشاھنىڭ مەخپىيەتلىكىنى بىلىپ كېتىپتۇ.

# نەركەس گۈلى

## يۇنان مەسەلى

قەدىمكى يۇناندا نەركەسۇس ئىسىملىك بىر يىگىت ئۆتكەنىكەن، ئۇ تولىمۇ كېلىشكەن يىگىت ئىكەن. كىملا كۆرسە، ئۇنىڭ ئاجايىپ گۈزەل چىرايى ۋە قاملاشقان تەقى - تۇرقىدىن كۆزىنى ئۈزۈۋالالماي قالىدىكەن. نەركەسۇسمۇ ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقىنى ئوبدان بىلىدىكەن ۋە بۇنىڭدىن قاتتىق پەخىرلىنىدىكەن. ئۇ سۈزۈك سۇنى كۆرسىلا، ئۆز ھۆسنىنىڭ سۇدىكى ئەكسىدىن ھۇزۇرلىنىش پۇرسىتىنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويمايدىكەن. بەزىدە ئۇ كۆل بويىدا سائەت - سائەتلەپ بېغىرداپ يېتىپ ئۆز جامالىنى تاماشا قىلىدىكەن.

بىر كۈنى نەركەسۇس سەيلە قىلىپ بىر كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ كۆل يۈزىدە ئۆزىنىڭ گۈزەل چىرايىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ئىختىيارسىز توختاپتۇ، ئاندىن كۆل بويىدا بېغىرداپ يېتىپ ئۆز ئەكسىنى تاماشا قىلىشقا باشلاپتۇ. لېكىن، ئۇ تۇيۇقسىز تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

نەركەسۇس سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدى-
كەن. ئۇ شۇنچە تىرىشىپ باقسىمۇ
كۆلدىن چىقالماپتۇ، كۆلنىڭ ئەتراپىدا بى-
رەر كىشىمۇ يوق ئىكەن. ئاخىرى ئۇ تۇن-
جۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

يەر شارىدىكى ئەڭ گۈزەل ئەرنىڭ ئۆ-
لۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، كىشىلەر قات-
تىق ئېچىنىپ ياش تۆكۈشۈپتۇ، ئىلاھلار



بولسا بۇ كىشىنىڭ نامىنى باشقىلار مەڭگۈ ياد ئېتىپ
تۇرىدىغان قىلىشنى نىيەت قىپتۇ.

ئىلاھلار نەركەسۇسنى خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدى-
غان گۈلگە ئايلاندۇرۇپتۇ. كىشىلەر بۇ گۈلنى تا ھازىر-
غىچە ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ كەلمەكتە ۋە ئۇنى «نەركە-
سۇس» دەپ ئاتىماقتا. ئۇ بىز دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان
نەركەس گۈلدۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ياقۇت شاھزادە

**ئاسيا چۆچىكى**

زامانلارنىڭ زامانىسىدا، قەدىمكى پارس پادىشاھلىقىدا بىر دەريا بار ئىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاشۇ ئۇزاق زامانلاردا بۇ دەريا ھازىرقى قىنىدا ئەمەس ئىكەن، ھازىرقىدەك تىنچ ئەمەس، بەلكى شاۋقۇن سېلىپ شىددەتلىك ئاقاتتىكەن.

ئەينى چاغلاردا بۇ دەريادا قورقۇنچلۇق بىر ئەجدىھا پەيدا بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ، بۇ يەرنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلۇپتۇ، ئەل - يۇرت ۋەھىمە ئىچىدە قاپتۇ.

بۇ يەردە ياشايدىغان كىشىلەر ھەر كۈنى ئۇنىڭغا ئېسىل يېمەكلىكلەرنى ئاپىرىپ بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ، ئۇنداق قىلمىسا، ئەجدىھا ئۇلارنى بوش قويۇۋەتمەيدىكەن، پۈتۈن يۇرتنى ۋەيران قىلىۋېتىشتىن يانمايدىكەن.

ياۋۇز ئەجدىھانىڭ بالا قورسىقىنى تويغۇزۇپ ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كىشىلەر ئۆزلىرى ئاچ قالسىمۇ، تاپقان - تەرگىنىنى ئۇنىڭغا بەرمىسە بولمايدىكەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن غورىبەتچىلىك ئىچىدە ئۆتىدىكەن.



دەريا بويىدا ياشايدىغان كىشىلەر مۇشۇنداق ئېغىر ئەھ-
ۋالدا قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، زەر رەڭلىك تون كىيگەن بىر
بوۋاي كەپتۇ.

— مەن سىلەرنى ئەجدىھانىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزغىلى كەل-
دىم، — دەپتۇ بوۋاي كىشىلەرگە، — سىلەر ئۇنىڭغا يېمەك-
لىك ئاپىرىپ بېرىشنى توختىتىڭلار.

يېمەكلىكلەرنىڭ ئېلىپ كېلىنمىگەنلىكىدىن غەزەپلەن-
گەن ئەجدىھا دەھشەتلىك نەرە تارتىپ دەريادىن ئېتىلىپ چى-
قىپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا خىرىس قىپتۇ.

بوۋاي ئەجدىھا بىلەن ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئېلىشىپتۇ. بوۋايغا تەڭ
كېلەلمىگەن ئەجدىھا ئاخىر بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. بۇ بوۋاي ئەسلىدە دەريا
مۇئەككىلى ئىكەن، بۇ دەريادىكى ئەجدىھانىڭ چاتاق تېرىۋاتقانلىقىنى كۆ-
رۈپ، ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرگىلى بۇ يەرگە كەلگەنىكەن.

دەريا مۇئەككىلى دەريانىڭ ئېقىن يولىنى ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ. كونا دەريا
يولىدا پەقەت لاتقىلارلا قاپتۇ.

دەريا بويىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى يەنە ئۆز ئىزىغا چۈشۈپ، ئۇلار
خاتىرجەم كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ، ھەتتا پادىشاھمۇ پايتەختىنى بۇ يەرگە
كۆچۈرۈپ كېلىپ، دەريا بويىغا كاتتا قەسىر ساپتۇ.

بىر كۈنى يىراق يۇرتتىن كەلگەن بىر دىۋانە كونا دەريا قىنىدىكى لاتقى-
دىن چاقناپ تۇرغان قىزىل ياقۇتنى تېپىۋاپتۇ. ئۇ بۇ ياقۇتنى دوستىغا كۆر-
سەتكەنىكەن، دوستى:

— بۇ بىباھا قىزىل ياقۇت ئىكەن، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى پادىشاھقا تەقدىم
قىل، — دەپتۇ.

ئەتىسى دىۋانە قىزىل ياقۇتنى ئېلىپ پادىشاھ ئوردىسىغا كەپتۇ.

— مەن پادىشاھ بىلەن كۆرۈشمەكچىمەن، — دەپتۇ دىۋانە، — پادىشاھقا
تەقدىم قىلىدىغان قىممەتلىك سوۋغىتىم بار.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇھاپىزەتچىلەر ئۇنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ كىرىپتۇ.

پادىشاھ دىۋاننىڭ قىزىل ياقۇتنى تېپىۋېلىش جەريانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قاتتىق ھەيران بوپتۇ ۋە:

— قىزىق ئىش، دەريا نېمە ئۈچۈن ساڭا بۇنداق قىممەتلىك گۆھەرنى بەرگەندۇ؟ ساداقەتمەنلىكىڭنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، مەن ساڭا بىر ھەميان تىللا ئىنئام قىلاي.

پادىشاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان دىۋانە ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قاپتۇ. لېكىن، پادىشاھ راستتىنلا ئۇنى بىر ھەميان تىللا بىلەن تارتۇقلاپتۇ. بىر دىنارمۇ بىيىسپ كەتكەنلىكىدىن قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتكەن دىۋانە پادىشاھقا رەھمەت ئېيتىپ ئورنىدىن كېتىپتۇ.

پادىشاھ: «ھەقىقەتەن بىباھا گۆھەر ئىكەن بۇ! بۇنى قىزىم ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭغا سوۋغا قىلاي» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ياقۇتنى گۆھەر ساندۇقىغا سېلىپ قويۇپتۇ.





بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، مەلىكىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى يېتىپ كەپتۇ. پادىشاھ ياقۇتنى قىزىغا سوۋغا قىلماقچى بولۇپ گۆھەر ساندۇقنى ئېچىپتۇ. لېكىن، ساندۇقنى ئاچقان ھامان قاتتىق چۆچۈگىنىدىن ئىختىيارسىز ۋارقىراۋېتىپتۇ. چۈنكى، ساندۇقتىن چىرايلىق، تەقى - تۇرقى كېلىشكەن بىر يىگىت چىقىپ كەپتۇ، يەنە تېخى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، سىلىنىڭ ھېلىقى قىزىل ياقۇتلىرى ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولدى! ئۇنىڭ ئورنىدا مانا مەن قالدىم. ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، مەن ياقۇت شاھزادە بولىمەن. ئالىيلىرىدىن بۇ مۆجىزىنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى سورىماسلىقلىرىنى ئۆتۈنىمەن، چۈنكى سىلى قايتا - قايتا سورىغان تەقدىردىمۇ، بۇ ھەقتىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمەيمەن، بۇ مېنىڭ ئېغىزدىن چىقارسام بولمايدىغان مەڭگۈلۈك مەخپىيىتىم، — دەپتۇ.



پادىشاھ ئىسىگە كەپتۇ ۋە قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ:

— قانداق گەپ بۇ؟ مەن بىباھا بىر گۆھەردىن ئايرىلىپ قالغىنىم يەتمىگەندەك، ئۆزىنى شاھزادە دەپ ئاتىۋالغان بىرسىلەن پەيدا بولدىغۇ ئەمدى! يەنە مەن بۇنىڭدىن تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرسەم بولماسمىش تېخى! نەدە ئۇنداق ئىش بار ئىكەن؟ مەن بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى جەزمەن بىلىشىم كېرەك!

پادىشاھ شاھزادىگە ھەيۋە قىپتۇ، زىنداندا تاشلايمەن دەپ قورقۇتۇپ بېقىپتۇ، لېكىن شاھزادە پادىشاھقا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىشنى رەت قىپتۇ. بۇنىڭدىن پادىشاھ تېخىمۇ غەزەپلىنىپتۇ - دە، بۇ «ئەدەپسىز» يىگىتنى جازالىماقچى بوپتۇ.

— سەن ياقۇتۇمنىڭ ئورنىغا پەيدا بولغان بولساڭ، بۇ سېنىڭ خىزمەتكارىم بولۇپ قالغانلىقىڭنى بىلدۈرىدۇ، — دەپتۇ پادىشاھ، — خىزمەتكارىم بولغانىكەنسەن، بۇيرۇقۇمغا ئەمەل قىلىشىڭ كېرەك.

— شاھ ئالىيلىرى، مېنى ئۆز مەخپىيىتىمنى ئېيتىشقا قىستىمىسىلا، ھەرقانداق بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداشقا تەييارمەن، — دەپتۇ شاھزادە.

— مانا بۇ قىلىچىمنى ئال، — دەپتۇ پادىشاھ ئالتۇن دەستىلىك قىلىچىنى بېرىپ، — مەن سېنى ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىشنى بېجىرىپ كېلىشكە بۇيرۇيمەن. ھالاكەت جىلغىسىغا بىر ئەجدىھا ماكانلىشىۋالدى. سەن بېرىپ بۇ ياۋۇز ئەجدىھانى يوقىتىپ كەل. ئەگەر شۇ ئىشنى ئورۇندىيالىساڭ، قىزىمنى ساڭا بېرىمەن.

ئەسلىدە دەريا مۇئەككىلى قوغلىۋەتكەن ئەجدىھا شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ھالاكەت جىلغىسىغا بېرىۋالغانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، پادىشاھ: «كىم ئەجدىھانى يوقىتالىسا، شۇ كىشىگە قىزىمنى بېرىمەن» دەپ جاكارلىغانىكەن. شۇنىڭدىن بۇيان نۇرغۇن يىگىتلەر بىر - بىرلەپ بۇ جىلغىغا بېرىپ ئەجدىھا بىلەن ئېلىشقان، ئەمما ھەممىسى جېنىدىن ئايرىلغانىكەن. پادىشاھ ياقۇت شاھزادىنىڭ تەقدىرىمۇ شۇلارنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

پادىشاھنىڭ قىلىچىنى ئاسقان ياقۇت شاھزادە ھالاكەت جىلغىسىغا ئاتلىنىپتۇ.



يىگىت ھالاكەت جىلغىسىدىكى قويۇق ئورمانلىققا يېتىپ بېرىپ، ئەجدىھانى ئېلىشىشقا چاقىرىپ قاتتىق توۋلاپتۇ. لېكىن، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ئەكس سادasىدىن باشقىنى ئاڭلىيالماپتۇ.

يىگىت ۋارقىرا - ۋارقىرا، ھېرىپ ھالىدىن كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چۆپلۈكتە سۇنايلىنىپ ياتقىنىچە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىر چاغدا دەرەخ شاخلىرىنىڭ «قاراس - قۇرۇس» قىلىپ سۇنغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغانغان شاھزادە ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئارقىدىنلا زېمىن قاتتىق سىلكىنىپ لەرزىگە كەپتۇ - دە، قورقۇنچلۇق ئەجدىھا يىگىتنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بوپتۇ.




www.uyghurkitap.com

غايەت چوڭ ئەجدىھا يوغان ئاغزىنى ئېچىپ، گۈلدۈرماما ئاۋازىدەك دەھشەتلىك نەرە تارتىپتۇ. لېكىن، ياقۇت شاھزادە قىلىچە ھودۇقماپتۇ. ئۇ ئالدىغا بىر قەدەم تاشلاپ، قىلىچنى ئوينىتىپ ئەجدىھانىڭ بوينىنى زەرب بىلەن چېپىپتۇ. ئەجدىھا قاتتىق ھۆركىرەپ خىرىس قىپتۇ، بىراق شاھزادىمۇ بوش كەلمەپتۇ. قانسىرىغان ئەجدىھا ئۇيان - بۇيانغا دومىلاپ، ئاخىر ئۆلۈپ-تۇ.

ياقۇت شاھزادە ئەجدىھانىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ. شاھزادىنىڭ زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن پادىشاھ ئۆز ۋەدىسىنى ئورۇنداشقا مەجبۇر بوپتۇ.

پادىشاھ كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ ياقۇت شاھزادە بىلەن مەلىكىنىڭ تويىنى قىلىپ قويۇپتۇ. بىر جۈپ قىز - يىگىت تويدىن كېيىن ئىنتايىن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. لېكىن، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مەلىكە ئېرىنىڭ مەخپىيىتىنى بىلىشكە بارغانسېرى قىزىقىپ قاپتۇ.

مەلىكە دائىم ياقۇت شاھزادىدىن قانداق بولۇپ قىزىل ياقۇتتىن بىر شاھزادىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كوچىلاپ سورايدىكەن، ئەمما ھەر قېتىمدا شاھزادە «بۇنى سورىماڭ، مەن بۇ سىرنى سىزگە ئېيتسام بولمايدۇ، بولمىسا مېنىڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالىسىز!» دېگەن جاۋابتىن باشقا گەپنى قىلمايدىكەن.

بىر كۈنى ئۇلار دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ ئەتراپنى تاماشا قىلىۋاتقاندا، مەلىكە ئېرىدىن يەنە بۇ مەخپىيەتلىكنى ئېيتىپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. بۇ قېتىم سۆيۈملۈك ئايالىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقا ياقۇت شاھزادىنىڭ كۆڭلى ئۇنىماپتۇ.

— بۇنى بەك سوراپ كەتتىڭىز، — دەپتۇ ئۇ مەلىكىگە، — بوپتۇ، مەن سىزگە ئېيتىپ بېرەي!

شاھزادە شۇ گەپنى قىلىپ تۇرۇشىغا، غايەت زور بىر دولقۇن ئۇنى دەرياغا ئەكىرىپ كېتىپتۇ - دە، ئۇ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

مەلىكە يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئەمما شاھزادە دەريا يۈزىدە قايتا كۆرۈنمەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، مەلىكە ئىنتايىن مىسكىن بولۇپ قاپتۇ، چۈنكى ئۆزىنىڭ ھاماقەتلىكى ۋە جاھىللىقى تۈپەيلى بۇ پاجىئەنىڭ كېلىپ چىققانلىقىنى بىلىدىكەن.



بىر كۈنى ئەتىگەندە مەلىكىنىڭ بىر كېنىزىكى ئالدىراپ ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ.

— مەلىكەم، — دەپتۇ كېنىزەك، — كېچە دەريا بويىغا بارغانىدىم، ئۇ يەردە شاھزادىنى كۆردۈم.

— راستمۇ؟! — مەلىكە ئىختىيارسىز ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

— راست، گېپىمنىڭ ئازراقمۇ يالغىنى يوق. شاھزادىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن، يەنە كېلىپ ناھايىتى ئېنىق كۆردۈم.

مەلىكىنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن قاتتىق دۈپۈلدەپ كېتىپتۇ.

شۇ كېچىسى مەلىكە كېنىزىكى بىلەن دەريا بويىغا بېرىپ، بىر دەرەخنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا، سۇ يۈزى كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك چاقناپ كېتىپتۇ. ئاندىن كېيىن، زەر رەخلىك تون كىيگەن، ھاسا تۇتقان بىر بوۋاي سۇ يۈزىدە پەيدا بوپتۇ، ئۇنىڭ كەينىدە بىرمۇنچە ھەمراھلىرىمۇ بار ئىكەن.

بۇ بوۋاي رىۋايەتلەردىكى دەريا مۇئەككىلى ئىكەن. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغان يىگىت دەل مەلىكە كېچە - كۈندۈز ياد ئېتىپ كېلىۋاتقان ياقۇت شاھزادە ئىكەن.

مەلىكە ياغلىقى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ، دەرەخنىڭ كەينىدىن چىقىپتۇ - دە، ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ.

مەلىكە ئۇسسۇلىنى ئويناپ بولۇشىغا، بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپتۇ.





— ئۇسسۇل ئويناپ بەرگىنىڭ ئۈچۈن ساڭا كۆپ رەھمەت، قىزىم، — دەپتۇ دەريا مۇئەككىلى، — نېمە تىلىكىڭ بولسا ئېيت، مەن ئورۇنداپ بېرەي.

— بوۋا، — دەپتۇ مەلىكە تارام - تارام ياش تۆكۈپ، — مۇمكىن بولسا، ئېرىمنى قايتۇرۇپ بەرگەن بولسىڭىز.

دەريا مۇئەككىلى سەل ئويلىنىۋېلىپ:

— بولىدۇ، دېگىنىڭدەك بولسۇن، ئېرىڭنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرەي. ئەمما، ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن ئايرىلىپ قالغىنىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما!

— بوۋا، بۇ سۆزىڭىزنى مەڭگۈ ئېسىمدە ساقلايمەن، — دەپتۇ مەلىكە چىن كۆڭلىدىن ۋەدە بېرىپ.

دەريا مۇئەككىلى ھەمراھلىرىنى باشلاپ سۇ تېگىگە قايتىپ كېتىپتۇ. شاھزادە بىلەن مەلىكە يەنە جەم بوپتۇ ۋە بىر - بىرىدىن ئايرىلماي بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

# قار خانىشى

دانىيە چۆچىكى (ئەسلىي ئەسەر: ئاندېرسوننىڭ)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر ئالۋاستى بىر سېھىرلىك ئەينەك ياساپتۇ. بۇ ئەينەكنىڭ شۇنداق خاسىيىتى بار ئىكەن: ھەرقانداق گۈزەل نەرسە بۇ ئەينەكتە تولىمۇ سەت كۆرۈنىدىكەن، سەت نەرسىلەر بولسا تېخىمۇ سەت بولۇپ كېتىدىكەن.

بىر كۈنى ئالۋاستى ئېھتىياتسىزلىقتىن ئەينەكنى قولىدىن چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. ئەينەك پارە - پارە بولۇپ سان - ساناقسىز پارچىلارغا ئايلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچۇپ يۈرىدىغان بوپتۇ. ھەربىر ئەينەك پارچىسىدا ئاشۇ ئەينەكنىڭ سېھرىي كۈچى بولغاچقا، بۇ ئەينەك پارچىلىرى كۆزىگە كىرىپ كەتكەن كىشىللەرگە ھەممىلا نەرسىنىڭ يامان تەرىپى كۆرۈنىدىغان بولۇپ قاپتۇ، ھەتتا بەزى كىشىلەر تاش يۈرەكلەرگە ئايلىنىپ بەك رەھىمسىزلىشىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشلارنى كۆرگەن ئالۋاستى ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. چۈنكى، ئۇ بۇنداق ئىشلارنى كۆرسە ئاجايىپ خۇشال بولىدىكەن.

بىر چوڭ شەھەردە ئىككى بالا بار ئىكەن، ئوغۇلنىڭ ئىسمى كارل، قىزنىڭ ئىسمى گېردا ئىكەن. ئۇلار ئاكا - سىڭىل بولمىسىمۇ، خۇددى بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك ئۆتىدىكەن، ھەتتا كارلنىڭ دېرىزە تەكچىسىدە ئۆسكەن پۇرچاقنىڭ پېلىكى كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى گېردانىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزە تەكچىسىدىكى قىزىل گۈلنىڭ شاخلىرى بىلەن ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ كەتكەنىكەن.





قار لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قىش
كۈنلىرىنىڭ بىرى، كارل قار چېچەك-
لىرىنىڭ بىرىكىپ تولىمۇ چىرايلىق
ۋە نازۇك قار خانىشقا ئايلىنىپ قالغان-
لىقىنى كۆرۈپتۇ. قار خانىش ئۇنىڭ
ئىسمىنى چاقىرغاندا، كارل قورقۇپ
كەتكىنىدىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا
قاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەتىياز كەپتۇ. قۇياش پۈتۈن جاھاننى ئىللىتىپتۇ، دەل - دەرەخ، گۈل-گىياھلار بىخ سۈرۈپتۇ. قارلىغاچلار ئۇۋا ياساشقا كىرىشىپتۇ. كارل بىلەن گېردا يەنە مەكتەپتە ئوقۇشقا باشلاپتۇ. بىر كۈنى كارل كۆزنىگە قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ كىرىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپتۇ، ئارقىدىنلا يۈرىكىگە بىر نەرسە سانجىلغاندەك بوپتۇ. ئەسلىدە بۇ ھېلىقى سېھىرلىك ئەينەكنىڭ سۇنۇقى ئىكەن. كارلنىڭ يۈرىكىگە شۇنداق بىر پارچە ئەينەك چاپلىشىپ قالغاچقا، يۈرىكى شۇ ھامان بىر پارچە مۇزغا ئايلىنىپ قالغاندەك بولۇپ قاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، كارل ئىنتايىن قوپال بالىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ پۇرسەت چىقسىلا مومىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، ئۇنىڭ كۆزەينىكىنى تاقىۋېلىپ مومىسىنى دورايدىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ كوچىدا كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ پاراڭ سېلىشى ۋە يول يۈرۈشىنى دورايدىغان بولۇۋاپتۇ. ئۇنىڭ كۆزىگە گۈللەرمۇ سەت كۆرۈنىدىغان بوپتۇ، شۇڭا ئۇ ئۇچرىغانلىكى گۈل-لەرنى يۇلۇۋېتىدىكەن. ھەتتا ئۇ ئۆز سىڭلىسىدەك كۆرىدىغان گېردانى زاڭلىق قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

يەنە بىر قىش كەپتۇ. بىر كۈنى كارل مەھەللىدىكى بالىلار بىلەن چانا ئويناۋاتقاندا، ئۇچىسىغا ئاپئاق تېرە جۇۋا، بېشىغا ئاق تۇماق كىيگەن بىر كىشى ئاق سىرلانغان بىر چانىغا ئولتۇرۇپ بۇ يەرگە كەپتۇ. كارل چانىسىنى بۇ چانىغا باغلاپتۇ - دە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تېيىلىپ ئويناپتۇ.

بىر چاغدا چوڭ چانا شەھەر سىرتىغا چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا قار تازا يېغىۋاتقانىكەن. كارل ئارغامچىنى يېشىپ چوڭ چانىدىن ئايرىلىپ كەت-مەكچى بوپتۇ، ئەمما ئارغامچىنى يېشەلمەپتۇ. ئىككى چانا دەممۇدەم سەك-رەپ قاشالاردىن، ئۆستەڭلەردىن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ.

چوڭ چانا توختاپتۇ. چانا ھەيدىگۈچى ئەسلىدە ئېگىز ۋە زىلۋا، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئاق نۇر چېچىلىپ تۇرىدىغان بىر ئايال ئىكەن.



— بىز تونۇشۇۋالايلى، مەن قار خانىش، —
دەپتۇ ئايال كارلغا، — توڭلاپ كەتتىڭغۇ دەي-
مەن، جۇۋامنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغىن.

قار خانىش كارلنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، جۇۋىسى بىلەن ئورىۋاپتۇ ۋە پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپتۇ. كارل شۇ هامان ئۇخلاپ قاپتۇ. قار خانىش ئۇنى بۇلۇتلارنىڭ ئۇستىگە ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇلار ئورمانلار ۋە كۆللەرنىڭ ئۇستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ، دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقلاردىنمۇ ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ.

كارل شۇ ئىشلارنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقاندا، گېردا كارلنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭ - بۇنىڭدىن سۈرۈشتۈرۈپتۇ، بىراق ئۇنى كۆر-گەن هېچكىم چىقماپتۇ. گېردا كارلنى ئىزدەپ دەريا بويىغا كەپتۇ ۋە قومۇشلۇقنىڭ ئارىسىدا تۇرغان بىر قېيىققا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى يوقىلىپ كەتكەن دوستىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇشنى دەريا سۈيىدىن ئۆتۈنۈپتۇ.



قېيىق دەريا ئېقىنىنى بويلاپ ئاقا - ئاقا، ئاخىر بىر ئايلانمىدا قىرغاققا تىرىلىپ قاپتۇ. گېردا قىرغاققا چىقىپ، نېرىدىكى بىر ئورمانلىقنى كۆرۈپتۇ. ئۇ كارلىنى ئورمانلىققا كىرىپ ئىزدەپ باقماقچى بوپتۇ.

گېردا ئورمانلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىپتۇ، بىرنەچچە سائەت ماڭغان بولسىمۇ، كارلىنىڭ قارىسىنى كۆرەلمەپتۇ. ئۇنىڭ چارچاپ ماڭغۇدەك ھالى قالماپتۇ. قورسىقى ئېچىپ ئۈچەيلىرى تارتىشىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىردەم ئارام ئېلىۋالماقچى بوپتۇ.

تۇيۇقسىز قاقىلدىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، گېردا قارىسا، دەرەخنىڭ ئۈستىدە بىر قاغا قاقىلداۋاتقۇدەك.

گېردا قاغىغا دوستى كارلىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى، ھازىر ئۇنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— كارل دېگەن بالىنى دەمسەن؟ بۇنى مېنىڭدىن سورا! ئۇنىڭ نەدىلىكىنى مانا مەن بىلىمەن، — دەپتۇ قاغا، — ئۇ قار خانىشىنىڭ چانىسىغا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاسمانغا ئۇچۇپ كەتتى.





قار خانىشىنىڭ مەملىكىتى ياۋروپانىڭ شىمال تەرىپىدە ئىكەن، ئۇ يەرنى قىش - ياز قار - مۇز قاپلاپ تۇرىدىكەن. گېردا ئۇ يەرگە ئۆزى يالغۇز قانداقمۇ بارالىسۇن؟! قاغا گېردانى ئورمانلىقتىكى بىر بۇغىنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىپتۇ. گېردا بۇغىغا كارلىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى، قاغىنىڭ ئېيتىشىچە، قار خانىشىنىڭ مەملىكىتىدە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ:

— دوستۇمنى ئىزدەپ تېپىشىمغا ياردەم بېرەلەرسىزمۇ؟ — دەپتۇ.

بۇغا ماقۇل بوپتۇ ۋە گېرداغا:

— سەن ئىزدەۋاتقان بالىنى قار خانىش ئۇخلىتىپ قويىدى. بۇنداق بولغاندا ئۇ ھېلىقى سېھىرلىك ئەينەكنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۆتكۈزىدىغان خاتالىقلاردىن ساقلىنالايدۇ، — دەپتۇ.

گېردا بۇغىغا مىنىپتۇ، بۇغا ئورمانلىقلارنى كېسىپ ئۆتۈپتۇ، سازلىق ۋە ئوتلاقلاردىن ئېشىپتۇ. ئاخىر ئۇلار ئىنتايىن سوغۇق بىر تۇزلەڭلىككە يېتىپ كەپتۇ.

بىردىنلا ھەيۋەتلىك بىر قەسىر گېردانىڭ كۆزىگە چېلىقىپتۇ. قەسىرنىڭ تېمى قاردىن قوپۇرۇلغانىكەن، سۆڭەك - سۆڭەكلەردىن ئۆتىدىغان شۇۋۇرغان ئۇنىڭ دېرىزىسى ۋە ئىشىكىدىن چىقىپ تۇرىدىكەن. قەسىر ئىچىدىكى نەچچە يۈز ئېغىز ئۆي قار ئۇچقۇنلىرىدىن ھاسىل بولغانىكەن. كۈچلۈك شىمالىي قۇتۇپ نۇرى ئۇلارنى يورۇتۇپ تۇرىدىكەن.

مانا بۇ قار خانىشىنىڭ تۇرار جايى ئىكەن!

شۇ كۈنى قار خانىش دوستىنىڭكىگە مېھماندارچىلىققا كېتىپ، قەسىرده كارل يالغۇز قالغانىكەن.

گېردا قەسىرگە ئېتىلىپ كىرىپ، ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ ياتقان كارلنى كۆرۈپتۇ - دە، ئۇنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كېتىپتۇ. بىراق، كارل كۆزىنى ئاچماي قىمىر قىلماي يېتىپتۇ.

گېردانىڭ تاراملاپ ئېقىۋاتقان ياشلىرى كارلنىڭ كۆكسىگە چۈشۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ يۈرىكىگە سىڭىپ كىرىپ، ھېلىقى ئەينەك سۇنۇقىنى ئېرىتىۋېتىپتۇ.

كارل تۇيۇقسىز كۆزىنى «لاپپىدە» ئېچىپتۇ ۋە گېردانى كۆرۈپ، ئۇنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇنداق يىغلاپتۇكى، كۆزىدىكى ئەينەك سۇنۇقىمۇ چىقىپ كېتىپتۇ.

— گېردا، شۇنچە چاغدىن نەلەرگە كەتتىڭ؟ مەنچۇ، مەن قەيەرلەرگە يۈرگەندىمەن؟ — دەپتۇ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ.

ئىككى دوست قايتا تېپىشىپ قاتتىق خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار قول تۇتۇشۇپ قەسىردىن چىقىپتۇ. ئاق كۆكۈل بۇغا ئۇلارنى مىندۈرۈپ ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ.

زىمىستان قىش ئاخىرلىشىپ، باھار كەپتۇ. كارلنىڭ دېرىزە تەكچىسىدىكى پۈرچاق يەنە ئۈنۈپ پېلىكى ئۇزۇن شوتا تارتىپتۇ، گېردانىڭ دېرىزە تەكچىسىدىكى قىزىل گۈلمۇ ئېچىلىپتۇ، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ كېتىپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كارل بىلەن گېردانىڭ مەڭگۈلۈك دوستلۇقىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قاپتۇ.

